
NEW JADE LITERATURE



# يېڭى قاشتېشى

1997

5

ISSN 1002-9206

10 >

9 771002 920009

خوتەن ۋىلايىتى بويىچە لوپ ناھىيىسىدە ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى، مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتلاندى.
(تۆۋەندە يىغىندىن كۆرۈنۈشلەر)




خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى جۇرئەت مەتتىمىن يىغىندا ئېچىش نۇتقى سۆزلىمەكتە.

ۋىلايەت ۋە لوپ ناھىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى ئاپتورلار بىلەن بىرگە.



力



ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ليو لىگىتىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەر ئاپتورلىرىغا مۇكاپات تارقىتىپ بەرمەكتە.

# يېڭى قاشتېشى

(قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)

5
―――
1997

باش مۇھەررىر: مۇھەممەت چاۋار
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەتقاسىم ئابدۇراخمان
تەھرىر ھەيئەتلىرى: (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابدۇۋاقى توختى، ئابدۇكېرىم تۇرسۇنتوختى، ئابدۇللا
مەمتىمىن، ئابدۇللا سۇلايمان، مۇھەممەت چاۋار، مەتقاسىم
ئابدۇراخمان، روزى سايىت.

ئون سەككىزىنچى يىل نەشرى
(ئومۇمىي 97 - سان)

خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى
«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

www.uyghurkitap.com

# بۇ سانىدا

## نەسرىي ئەسەرلەر


مۇھەببەت تېگىدىكى مۇساپە ........ ( پوۋېست ) ........ ئەنۋەر مۇھەممەت 1
يېرگىنىش ........ ( ھېكايە ) ........ ئالىم ئابدۇۋەلى 23
سەپەردە ........ ( ھېكايە ) ........ مەرھەبە مۇھەممەتئەيسا 27
يۇلتۇز كۆز قىسقان كېچە ........ ( ھېكايە ) ........ ئەسقەرجان ئەزىزى 43
تەقدىرنىڭ چاقچىقى ........ ( ھېكايە ) ........ مەلىكە ئوبۇلھەسەن 50
خوجايىننىڭ رىزقى كەڭرى ........ ( ھېكايە ) ........ ماھىنۇر ئىسمايىل 55
مۇئەللىمگە خەت ........ ( ھېكايە ) ........ تۇرسۇنگۈل داۋۇت 57
چىغىر يول ........ ( ھېكايە ) ........ قۇربانجان كېرىم 62
ئىككى ئەسىر ........ ئايگۈل روزى 67
خوشا گۈل ........ ( نەسىر ) ........ ئادالەت ئابدۇرېھىم 70
سۇ ........ ( نەسىر ) ........ ئابلىز ئابلەت (مەخسۇم) 71


## شېئىرىي ئەسەرلەر


غەزەل ........ ( شېئىر ) ........ مۇھەممەتتۇرسۇن ئابدۇكېرىم 31
كومپارتىيەم ئۇلۇغدۇر ........ ( 〃 〃 ) ........ ئوبۇلھاشىم ئەخەت 31
شېئىرلار ........ ( 〃 〃 ) ........ ئابلەت ئەخمەت 32
ئەبجەش نەزمىلەر ........ ( 〃 〃 ) ........ ئەرشىدىن راشىدىن 33
ئىككى شېئىر ........ ( 〃 〃 ) ........ ئەنۋەر ھىدايەت 35
غەزەللەر ........ ( 〃 〃 ) ........ يالقۇن ئۆمەر 35
شېئىرلار ........ ( 〃 〃 ) ........ غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت 38
ئۆلمەس ئانا — تەبىئەت ........ ( 〃 〃 ) ........ ئابدۇرەھىم زۇلۇن 38
ئانا ھەققىدە غەزەل ........ ( 〃 〃 ) ........ يالقۇنجان ياقۇپ 39
ئۆتەڭدىكى روھ ........ ( 〃 〃 ) ........ ئابدۇراخمان تۇردى 40
باشلىق مۇڭلىرى ........ ( 〃 〃 ) ........ مۇھەممەتجان ئىسمايىل (يۇناقى) 40
شېئىرلار ........ ( 〃 〃 ) ........ توختىمۇھەممەت تۇردى 63
ئىككى شېئىر ........ ( 〃 〃 ) ........ گۈلباھار مۇسا 64
ئىككى شېئىر ........ ( 〃 〃 ) ........ ھىممەت ياسىن 65
سۆيگۈ غەزەللىرى ........ ( 〃 〃 ) ........ نامانجان تۇرسۇن 66
ئالمىجوقا خىياللار ........ ( 〃 〃 ) ........ مۇھەممەد سالىم 83
قوشقىلىمىز ھامان بىر كۈيى ........ ( 〃 〃 ) ........ ئىسمايىل سابىر 84
ئايرىلىش ........ ( 〃 〃 ) ........ تۇرسۇنجان ھەبىبۇللا 84
رۇبائىيلار ........ ( 〃 〃 ) ........ مۇھەممەتجان ئەمەت 84


## ماقالىلەر


ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھازىرقى سەۋىيىسى — ئوبىيېكتىپ، ئادىل باھاغا موھتاج! ........ ئەنۋەر ھوشۇر 72
مەشھۇر ساتىرىك شائىر ئەھمەد شاھ قاراقاشى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەتلىرى ........ مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق 80


## كلاسسىك ئەدەبىياتتىن


شائىر توخسۇن ھاجىم ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ........ تۆمۈر قادىرى 85


## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


ئۇيغۇر خەلق بېيىت - قوشاقلىرى ........ توپلاپ رەتلىگۈچى: چىنارخان 91


---


مۇھەررىرلەر: مەتقاسىم ئابدۇراخمان، تۇرسۇنجان مۇھەممەت، دىلنۇر ئابلىز، مەتسىلىم مەتقاسىم.
بۇ سانىنىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت، مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: ئابدۇغېنىجان نىياز.
ئىستۇرما سۈرەتلەرنى ئەنۋەر جۇمە سىزغان.

ئەنۋەر مۇھەممەت

# مۇھەببەتنىڭ مۇساپىسى

(پوۋېست)



## 1

ئېشەك كالىدەك كۆچلۈك ئەمەس ،
يەنە كېلىپ ھارۋىغا لىق توپا ئۇسۇل-
غاچقا بۇ جانىۋارنىڭ چالمىلىق ئېتىز-
دا ئۇنى بىمالال سۆرىشى ناھايىتى
تەس ئىدى . بىچارە ئېشەك قۇلىقىغا
ئاڭلىنىۋاتقان بىشارەتلىك ئاۋازلار-
دىن ۋە بېقىنىغا تېگىۋاتقان تاياقلار-
دىن ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ
ھەدەپ ئالدىغا يۇلقۇناتتى ، ئىنجىق-
لايتتى ، ئۇپراپ كەتكەن تۇياقلىرىنى
يەرگە چىڭ تىرەپ جان - جەھلى بىلەن
ماڭاتتى . بەك كۆچەپ كەتكەنلىرىدە
بولسا چىدىماي يەل قويۇپ بېرەتتى .
ئەمەتنىڭ ئېشەككە رەھمى كەلدى، ھار-
ۋىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئىتتىرەردى ، تولا
كۆچەپ ھالىدىن كەتتى . ئېشەكمۇ غەي-
رەتلىنىپ ئالغا چامدىدى . ھارۋا چاقى
چۆگىلەپ ئالدىغا دۆڭ كەلگەن چالمى-
لارنى ئېزىپ ئەگرى - بۈگرى ئىز قال-
دۇردى . « نېمە جاپا بۇ » دەپ ئويلايت-
تى ئەمەت ، « ئېشەكتەكلا ياشاۋاتى-
مەنمۇ ، ئېغىر ھارۋىنى تارتىۋاتقان
ئېشەكمۇ ئاسان يولنى تاللاپ ماڭىدۇ ،
مۇشۇ ھالدا بىر كۈن ، بىر ئاي ، بىر
يىل ئۆتسە مۇشەققەتتىن ئېزىلىپ كې-
تىمەن ، چىدىيالماي قالىمەن . ئىمتى-
ھاندىن ئەگەر پوككىدە ئۆتەلمەي قال-
سام ئاتامغا جەزمەن شۇنداق دەيمەن :
ئاتا ، نومۇرۇمنى چوقۇم باشقا بىرسى-
نىڭكىگە ئالماشتۇرۇۋېتىپتۇ ، بىزنى
دېھقان دەپ بوزەك كۆرۈپتۇ . سىزمۇ
باشلىقلارغا پارا بېرىشنى بىلگەن بول-
سىڭىز ئاقىۋەت بۇنداق بولمايتتى .
ئاتام بەلكىم ئوسۇرغاقا ئارپا نېنى
باھانە دەپ قويىدۇ، ئارتۇقچە قىل-
مايدۇ ، ئۆيدە ئىشلە دەيدۇ ، ئاپاممۇ
ئۇنىڭغا بولۇشىدۇ ، قايتا ئوقۇي دې-
گىنىمگە كۆنمەيدۇ . مەن يەنە ئامالسىز
مۇشۇ ئېشەككە ھەمراھ بولۇپ ئېتىزلىق-
قا چىقىمەن ، ھاشارغا بارىمەن . بىردە
جاپا ، بىردە باشقىلارنىڭ تاپا - تەنى-
سى ، بۇلارغۇ ئۆتۈپ كېتەر ، ھەممىدىن
بەك ئۆزۈم ئۆز ئىچىمدىن تۈگىشىپ

كېتىمەن ...» ئېشەك تۇيۇقسىز توختىۋېلىپ يەرگە شارقىرىتىپ سىيىشكە باشلىغاندا ئۇ خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ ئالدىغا قارىدى. توپا تۆكۈلىدىغان ئېتىزلىق خېلىلا پەس بولۇپ، ئون نەچچە دېھقان ئۆزى تولدۇرۇشقا بەلگىلەنگەن يەرگە توپا چۈشۈرۈۋاتاتتى. ئۇ ئېشەكنىڭ نوختىسىدىن چىڭ تۇتۇپ هارۋىنى ئاۋايلاپ چۈشۈردى. ئەمما هارۋىنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئۆز ئىختىيارىنى يوقاتقان ئېشەك يۈگۈرۈپ كەتتى. قۇلاقنى يارغۇدەك «ۋاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ هارۋا چاقى ماكچىيىپ قالدى. هەممە خەق تەڭلا ئۇ تەرەپكە قارىدى. ئەمەت كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە يۈز بەرگەن بۇ ئىشتىن چۆچۈپ ئېسىنى يىغىپ بولغىچە ئاكىسى يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇنىڭ يۈزى ئاپتاپ هەم ئاچچىق تەر دەستىدىن قىزىرىپ كەتكەن، ئاۋازى بوراندەك گۈركىرەپ چىقاتتى:

— هارۋىنى قانداق تارتقان ؟ !

— تۈز تارتقان ...

— ئاستىراق سالساڭ بولمامدۇ ؟ !

— ئېشەك يۈگۈرۈپ هارۋا يەڭدەپ كەتتى ...

— ئۇكاڭلا ئېشەكنىمۇ ئوڭلاپ باشقۇرالمىسا، قولىدا يا تاياق تۇرمىسا، ئۆزۈڭلا هەيدىمىگەندىكىن چىققان چاتاق بۇ ! - دېدى بىرەيلەن.

— مەن هارۋا هەيدىسەم توپىنى كىم ئۇسىدۇ ؟ !

— كەتمەننى بەرسەڭلا ئۇسمامدۇ ! ؟ يوغان بولغاندىمۇ كەتمەن چاپالمىسا نانىنى بىكارغا يەمدۇ ! ؟

— ئۇ ئۇسقان بىلەن ئاۋۇتالمىسا بولىدۇ، ما ئىش بۇرۇنىراق تۈگىسە بولىدۇ !

ئەمەت ئىزادىن ئۆرتىنىپ، بۇ نەس باسقان يەردىن هازىرلا قېچىپ كەتكۈسى كەلدى. ئەتراپنى قىزدۇرۇۋاتقان ئاپتاپنىڭ دەهشىتىدىن كۆرە يۈرىكىگە بازغاندەك تېگىۋاتقان ئاهانەتلىك سۆزلەر ئۇنىڭ چېكىسىدىن مۇنچاق - مۇنچاق تەر ئاققۇزۇۋەتتى. بۇ تەرلەر كۆز يېشىدەك قىرتاق، ئاچچىق ئىدى.

—سەمىتاخۇن، تولاكايىماڭلا ئەمدى، بازاردىن بىر ئىچ كامىر ئالساڭلار بولىدىغان گەپقۇ ! ئۇكاڭلا ئوقۇپ كادىر بولسا ئۇنچىلىك پۇل دېگەننى تېپىۋالماي !

— يالغۇز سىلىنىڭلا ئەمەس، خېلى ئادەملەرنىڭ هارۋىسى ئېتىلىپ كەتتى.

— توپىنى ئازراق ئۇسىدىغان ئىش ئىدى ...

ئەتراپتىكىلەر كەتمەستىنلا ئاكىسى ئەمەتكە هەيۋە قىلدى :

— توپىنى چۈشۈرمەي نېمىگە قاراپ تۇردىسەن ؟ !

— بوشراق ۋارقىرا، - دېدى ئەمەتمۇ ئىززەت نەپسىگە چىدىماي، - بىر پاي كامىر دېگەن جان ئەمەسقۇ، ئاتامدەك بۇيرۇق قىلىپ كەتكىنىنى ...

— تولا غودۇڭشىما ماڭقا ! بۇ ئىش ئېشىپ قالسا سەن قىلامسەن ؟ !

— مەن بولمىسام مۇشۇ ئىشنى يەنە ئۆزۈڭ قىلاتتىڭ، ئاكام دېگەننى بىلسەن ...

— ئىمتىهاندىن ئۆتەلمەي يېنىپ كەلسەڭ قىلماي ئامالىڭ يوق !

— قېنى كۆرەرمىز، - دېدى ئەمەت لېۋىنى چىشلەپ.

ئۇ هارۋىدىكى توپىلارنى بىر چەتكە چۈشۈرگەچ ئىمتىهانغا مۇناسىۋەتلىك هەر خىل قىياسلارنى ۋە بەزى كۆڭۈللۈك

خىيا للارنى قىلىپ ، بۇ خاپىلىقنى ئۇنى-
تۇشقا تىرىشتى . ئاكىسى كەتمەننى دو-
لىسىغا سېلىپ كەينىگىمۇ قارىماي يۈ-
رۈپ كەتتى . ئۇ توپىنى پاك - پاكىز
چۈشۈرۈۋېتىپ ، ئېشەكنى ھەيدەپ ئۆيى-
گە ياندى .

ئۇ كۆڭۈلسىزلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن
ئېشەكنى يورغىلىتىپ ، ھارۋىنى تاراق-
لىتىپ ، خىيالىرىنى چالغىتىپ ، جىم-
جىت ، بۇرۇقتۇما ئۆتۈۋاتقان ۋاقىتنى
مەلۇم مەنىگە ئىگە قىلدى . تېخىمۇ
كۆڭۈللۈك بولغىنى ، يولدا ئۇنىڭغا گا-
يىت مەزىنىنىڭ قىزى ئۇچراپ قالدى .

— ھارۋىغا چىقىۋېلىڭ كۆلىنىسا ، -
دېدى ئەمەت بىرەر ياخشى نەرسە تېپى-
ۋالغان بالىدەك شادلىنىپ ، - خالتى-
ڭىزنى كۆتۈرەلمەي قاپسىز .

— خالتامغۇ يېنىك ، ئەمما ھارۋى-
ڭىزنىڭ ھالى بوش تۇرىدۇ .

— ئىشقىلىپ سىزنى كۆتۈرەلەيدۇ .

— مەيلى ئەمىسە ، ھارۋىڭىزغا ئىچ
ئاغرىتىمىدىم ، - قىز ئۇت تىقىلغان يوم-
شاق تاغارنى ھارۋىغا تاشلاپ ئۈستىدە
ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن سورىدى :

— ھاشارنى تۈگەتتىڭلارمۇ ؟

— ياق تېخى ، توشقۇزىدىغان يەر
بىرمۇنچە بار ، يەنە بىر ھەپتىدە ئا-
ران تۈگەر ، لېكىن بۇ ئىشنىڭ ئەھمى-
يىتى چوڭ ئىكەن . يەرنى تۈزلەپ ، سالا-
لاشتۇرۇپ يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋى-
لاشتۇرغۇدەكمىز .

— شۇڭا ئۇ يەرگە كۈندە بارىمەن
-دەك ، لېكىن سىز يېزا ئىگىلىكىنى زا-
مانىۋىلاشتۇرىمەن دېمەي ئاۋۋال ھار-
ۋىڭىزنىڭ چاقىنى زامانىۋىلاشتۇرۇڭ .

ئەمەت كۈلۈپ كەتتى . قىز تېخىمۇ
ئېچىلىپ سۆزلەشكە چۈشتى :

— سىزمۇ ھاشارغا چىقىدىكەنسىز-ھە ؟

— ئامال يوق ، ئاتام ئاغرىقچان ،
ئاپام خامانغا ، ئاكام يالغۇز .

— ھە بوپتۇ ، ئالتە ئاي ئوقۇپ بى-
رەر ئاي ئىشلەپ قويسىڭىز ھېچنېمە
بولمايدۇ .

— ئىشلەۋاتىمىز ، ئىشلەۋاتىمىز .
ئۆينىڭ ئىشى تۈگىسە ئېتىزنىڭ ، ئې-
تىزدىن بىكار بولسا ھاشارنىڭ ، قاچان
تۈگەركىن بۇ ئىش !

— تەتىلىڭىز قاچان توشىدۇ ؟ ئوقۇ-
شىڭىز پۈتتىمۇ يا ؟

— ھەئە ، پۈتتى .

— ئەمدى نېمە ئىش قىلىسىز ؟

— داشۆگە ئىمتىھان بەردىم ، ئۆتسەم
داۋاملىق ئوقۇيمەن .

— ئوقۇپ چوڭ كادىر بولۇپ كېتەر-
دىكەنسىز-دە !

— ئۆتەلمىسەم كادىرمۇ بولالماي ،
دېھقانمۇ بولالماي ، ئۆيدىكىلەرگە سەت
كۆرۈنۈپ يۈرۈيدىغان گەپ .

— ئۆتىسىز ، ھەي ، باشلانغۇچتا ئوقۇ-
غان چېغىڭىزدىمۇ دەرسكە ئۇستا ئىدىڭىز .

— ئۇ ۋاقىت دېگەن قالدى ، ماۋۇ
دېگەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈ-
رۈپ بەرگەن چوڭ ئىمتىھان . سىزمۇ
ئوقۇپ باققان بولسىڭىز بۇنى ئوبدان
چۈشىنەتتىڭىز .

— ئاتام ئوقۇتمىغان شۇ ، - قىزنىڭ
كۆزىدىن بىر خىل ئەلەملىك ئۇچقۇن
چاقناپ كەتتى ، - ئوقۇغان بولسام بۇ
چاغقا سىز بىلەن تەڭ مەكتەپ پۈتتۈ-
رۈپ قالاتتىم .

— ئوقۇمىغىنىڭىزمۇ بولدى ، ئەگەر
داشۆ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەي قالسىڭىز
ئوخشاشلا ئۆيگە يېنىپ كېلىسىز ، ئاتا-
ئانىڭىزنىڭ كېپىنى ئاڭلايسىز .

— مەيلىتى، ئىززاغا كىمشى ئۆلۈپ قالامتى! ؟

— مەيلى دېگەن بىلەن ۋاقتى كەلگەندە قانداق بولۇپ كېتىمىزكىن! باشقىلار چوڭ شەھەرلەرگە ئوقۇشقا كېتىۋاتسا مەن قالامتىم دەپ ئويلايسىز، يىغلايسىز، شۇنچە يىل ئوقۇغىنىم قېنى، ئۆگەنگىنىم قېنى دەپ قورسىقىڭىز كۆپىدۇ. شەھەردە ئۆيى بارلار ئىمتىھاندىن ئۆتكىچە قايتا-قايتا ئوقۇيدۇ، ئەمما بىزدەكلەر قايتا ئوقۇيلى دېسەك ئاتا-ئانىغا ئېغىر كېلىدۇ، ئۆزىمىزگىمۇ سەت تۇرىدۇ.

شۇ ئەسنادا ئېشەك يول چېتىگە باغلاپ قويۇلغان يەنە بىر ئېشەك بىلەن ئېغىز-بۇرۇن يالىشىپ سەت ھاڭراپ كەتتى. ئەمەتنىڭ كەيپى ئۇچۇپ ئېشەكنىڭ سۆڭگىچىگە قاتتىق تەپتى. ئېشەك بېلىنى تولغاپ چىچاڭلاپ يۈرۈپ كەتتى.

— تويدۇم مەن بۇنداق كۈندىن، — دېدى ئەمەت قولىغا تاياقنى ئېلىۋېتىپ، — ئوقۇشقا كەتسەملا بۇ كۈندىن قۇتۇلاتتىم.

— بۇ كۈنىمۇ تولا قارغاپ كەتمەڭ، خۇدايىم نېسىپ قىلار دەڭ.

— خۇدايىمغۇ نېسىپ قىلار، ئەمما نومۇرنى ئۇققىچە مۇشۇنداق تىت-تىت بولۇپ يۈرۈيدىغان گەپ-تە!

— نومۇرنى قاچان ئۇقىسىز؟

— بۈگۈن ماۋۇ ئىش پۈتلاشمىغان بولسا ئەسلىدە شەھەرگە كىرمەكچى ئىدىم، شەھەرلىك بالىلار ھەقىچان نومۇرنى ئاڭلاپ بولدى.

— قانچە نومۇر ئالسا ئۆتكەن بولىدۇ؟

— تېخى ئېنىق ئەمەس، ئەتىيە بېرىپ ئۇقۇپ كەلمىسەم بولمايدۇ، — ئەمەت شۇ گەپنى قىلىۋېتىپ ئىختىيارسىز جىددىيلەشتى، يۈرەكلىرى تېز-تېز سوقتى. ئەتە قانداقتۇر بىر كېلىشمەسلىك يۈز بېرىدىغاندەك، نۇرغۇن كېچە تولغىنىپ خىيال قىلغان، تەلپۈنگەن غايىلىرى بىراقلا نۇرلىنىپ ياكى بىراقلا تۇتۇنگە ئايلىنىپ كېتىدىغاندەك بىلىندى. ئۇ غايە ئاشۇ قىزنىڭ نۇرانە جامالىغا باغلانغان، ئۇ قىزنىڭ شەھلا كۆزلىرى ئەمەتنىڭ قەلبىدە قۇياشتەك پارلاپ تۇرىدۇ. گۈلنىسا بۇنى بىلمەيدۇ. ئەمەتنىڭ تەلىيى ئەگەر كاج كېلىپ، ئوقۇشقا بارالماي قالسا دېھقان بولماي ھەم گۈلنىساغا ئىشتىھا ساقلىماي ئامالى يوق.

— شۈكلەپ كەتتىڭىزغۇ، ئىمتىھان دېگەن ھەر قانچە بولسىمۇ جاننى ئالىدىغان ئەزرائىل ئەمەستۇ!؟

— ...

— ھارۋىنى توختىتىپ تۇرۇڭ، ئوتنى چۈشۈرىۋالاي، سىزگە جاپا سالدىم-ھە، خوش، خۇدايىم سىزگە ئوڭ كۆزى بىلەن قارىسۇن!

قىز كەتتى، ئەمەت ھارۋا ئۈستىدە گويا ئۆلۈم ۋەھىمىسىگە چۆككەن بوۋايدەك تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى. ئېشەك ئاستىلاپ قالدى، ئېتىلىپ كەتكەن چاقنىڭ قاسقىنى ئوي-دۆڭ يەرلەرگە تېگىپ تىنىمسىز جاقىلدايتتى.

2

ئاشۇ قىزنىڭ مەغرۇر نەزەرىنى ئەمەت ئۇنتۇيالمايدۇ، بەلكىم ئۇ ئىمتىھاندىن ئۆتكەندۇ، قىن-قىنىغا پاتماي كەتكەندۇ. ئوغۇللار ئۇنىڭ چىرايلىق ھەم تەلەيلىك ئىكەنلىكىدىن كۆيۈپ سارىڭ بولسا، قىزلار قىزىل

كۆزلۈك قىلىپ ئۇنىڭغا يۈتىنى قىلىشىۋاتىدىغاندۇ. ئۇ ئوقۇشقا كەتسە قىزىلكۆل تېخىمۇ پورەكلەپ ئېچىلغاندەك بىر ئىش بولىدۇ، ھال پەيدا بولىدۇ. تېخى نى-نى ئوغۇللارنى چۆجىلىرىنى ئەگەشتۈرگەن مېكىيانىدەك ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈيدۇ، ئەمەتتەك ئادەمنى بەلكىم خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايدۇ، ئۇنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتۈشىگىمۇ ئانچە ئىشەنمەيدۇ. ئىشەنمىسە مەيلى ئەمەسمۇ، ئىشەنمەي تۇرغىنى ياخشى. ئەمەت ئەگەر راستىنلا ئۆتەلمەي قالسا «ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتماپتۇ» دېگەندەك بىر ئىش بولىدۇ. ئەمەتكە بۇنىڭدىنمۇ ئازابلىق ئىش يوق.

ئاپتوبۇس قوزغالغاندا ئۇنىڭ خىيالى ھىلىتىق ئاۋازىدىن چۆچىگەن قۇشلاردەك تەرەپ-تەرەپكە چېچىلىپ، يىراق-يىراقلارغا ئۇزاپ كەتتى. ماتورنىڭ گۈرۈلدىشىگە ئەگىشىپ تىترەۋاتقان سەزگۈلىرى، كەيپىياتىغا بېقىپ ئايلىنىۋاتقان قانلىرىمۇ ئۇنىڭ ئۈچ يىل ئاۋۋالقى ھالىتىگە ئوخشاپ كەتتى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ يېنىدا ئاتىسى ئولتۇراتتى، كۆك تاماكىنى ئۇزۇلدۇرمەي چېكەتتى. بېلەت كەسكۈچى ئايال ئاتىسىدىن سورىدى:

— نەگە بارىلا؟

— شەھەرگە.

— ئون كوي بەرسىلە.

— ما بالىغا يېرىم بېلەت بېرەلا؟

— نېمە دەۋاتىلا، چوپچوڭلا بالىكەنغۇ؟

— بوپتۇ، بەرسەممۇ بېرەي، — ئاتىسى ئوڭايسىزلىنىپ زورىغا كۈلدى ۋە يانچۇقىغا قول ئۇزاتتى. ئاتىسىنىڭ ئاشۇ پۇلغا چىدىمىلىك بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىگە قاراپ ئەمەتنىڭ ئىچى سىقىلىپ كەتتى.

ئاپتوبۇس ماڭغاندا ئاتىسى بېلەتنى يانچۇقىغا ئاۋايلاپ سېلىۋېتىپ سورىدى:

— گۇۋاھنامەڭنى نەگە سالدىڭ؟

— يانچۇقۇمغا.

— چىڭ سال، مەكتەپكە بارغاندىمۇ ئۆزۈڭگە پۇختا بول.

— ماقۇل.

— سەن ئوقۇشتىن باشقىغا يارىمايسەن، ئۆيدە تۇرساڭ ئاكاڭ بىلەن پېتىشالمايسەن. بوپتۇ، مېنىڭ بارىمدا ئوقۇۋال. ئوقۇپ ئۆز نېنىڭنى تېپىپ يېيەلىسەڭ تاپتىڭ، تاپالمىساڭ ئۇنى كۆرەرمىز...

ئەمەت جىددىيلەشتى، ئۆزىنى ناھايىتى ئېغىر، ھالسىز ھېس قىلدى. كېلەچىكىنىڭ تۇتۇق مەنزىللىرى ئۇنى قىزىقتۇرماقتا يوق ئەكسىچە ئۈركۈتۈۋاتاتتى. ئۇ يەردە ئۇ ياتاقتا يېتىش ۋە ئوپچە ئاشخانىدا تاماق يېيىشتىن باشقا نېمىلەرگە دۇچ كېلەر؟ دەرس تەسمىدۇ؟ مۇئەللىملەر ئوسالمىدۇ؟ بۇ جەھەتلەردىن غەم قىلىش ھاجەتسىز، شۇغىنىسى ئۆزىنى كەمسىتىدىغان ئىشلار يۈز بېرىپ قالمىسا بولاتتى، ئەمەتكە ئەڭ ئېغىر كېلىدىغىنىمۇ شۇ. ئۇ ئۆيدىكى ھارغىن تۇرمۇشتىن قۇتۇلغىنى بىلەن مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن يەنە ئۆيىنى، ئۆيدىكى تۈگىمەس ئىشلارنى ۋە ئاچچىقى يامان ئاكىسىنى سېغىنىپ قېلىشى مۇمكىن. مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن ئۇ كىملەر بىلەن دوستلىشار، كىملەر بىلەن دۈشمەنلىشەر، ئۇنى بىلىپ بولمايدۇ. ئۇ يەردە بەلكىم ئۆزىنى شەھەرلىك دەيدىغان چىرايلىق قىزلارمۇ بار. ئۇلار ئۆيىدىن كېلىپ ئوقۇغاندى-

كىيىن باياشات ياشايدۇ. ئېسىل كىيىمـ
لەرنى كىيىدۇ، بېشىغا ياغلىق چىگمەيـ
دۇ. ئۆتكەندە ئۆزىنى شەھەرلىك دەيـ
دىغان شۇنداق بىر قىز ئەمەتلەرنىڭ
قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كەلگەنىدى. ئۇ
قىز كېلىپلا غەلىتە كىيىملىرىنى، قۇشـ
قاچ چاڭگىسىدەك چاچلىرىنى خەققە داڭـ
لىغاندەك مەھەللىنىڭ ئۇ بېشىدىن - بۇ
بېشىغىچە كېزىپ چىقاتتى؛ ئېتىزلارنى،
باغلارنى ئارىلاپ، ئۇچرىغانلا مېۋىنى
يەپ، تاشلاپ يۈرەتتى. ساغرىسىنى سويـ
مىدەك چىقىرىپ مەغرۇر مېڭىپ كەتسە
مەھەللىنىڭ قىزلىرى كەينىدىن قاراپ
قالاتتى. ئۇ چاغدا ئۇ قىزنىڭ ئەمەتـ
تەك پاكىزەك، ئىلمىيرەك ئادەملەرـ
گە قاراشقا چولىسى نەدە، قارىسىمۇ
ئۇنى مەنسىتمەيتتى، جاھاندا ئۆزىنى
بىر سانايتتى، غىلجىڭلايتتى، كۆرەڭـ
لەيتتى.

ئەمەت غەشلىككە چۆمدى، بېشىدىكى
شەپكىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بىر هازا
قارىدى، چاپان، ئىشتانلىرىغا يېڭىباشـ
تىن نەزەر سالدى. ھەممىسى ئۆڭگەنىـ
دى، يەقەت پۇتىدىكى ئاق چوخىيىلا
خېلى يېڭى تۇراتتى. مۇشۇ ئەپتى بىـ
لەن ئۇ شەھەرگە كىرسە قانداق بولار،
مازاققا قالارمۇ؟ ئۆمرىدە شەھەر كۆرۈپ
باقمىغان بۇ سەھرالىقلار تېخى ناھىيە
بازىرىنىمۇ شەھەر دەپ ئاتىشىۋالىدۇ.
بەلكىم ئۇ ئەسلىدە شەھەر بولسا كېـ
رەك. ئۇنىڭ تەرىپىنى ئەمەت كۆپ ئاڭـ
لىغان، لېكىن بىرەر قېتىممۇ بېرىپ باقـ
مىغانىدى. مانا ئەمدى بارىدۇ، ھەمـ
مىنى كۆرىدۇ. شەھەرلىكلەر ئۇنىڭ ئۇستـ
باشلىرىغا بەك قاراپمۇ كەتمەس، ئەسـ
كى كىيىم ئىچىدىمۇ ئادەم بارلىقىنى
ئۇلار چوقۇم بىلىدۇ.

ئۇ كۆزىنى ئېچىپ لاي لەمپىلىك توـ
رۇسقا قاراپ دۇنياغا يېڭىدىن تۇرەلـ
گەندەك ھېسقا كەلدى، ئۆيىدىن ئېلىپ
كەلگەن يوتقانلىرىغۇ ھېچكىمنىڭكىدىن
چېنىپ قالمىدى، بىراق ئىچىگە سامان
تىقىلغان ياستۇقىدىن تولا تويا ئۆرـ
لەپ جاپا سالدى. بىرەرسىنىڭمۇ بۇنـ
داق ياستۇقى يوقتەك قىلاتتى. ئۇ ئورـ
نىدىن قوپقاندا كۈن خېلى تىكلىنىپ
قالغان بولۇپ، ئۆزىدىن باشقا ھەممەيـ
لەن سىنىپقا چىقىپكەتكەنىدى. ئۇ كىـ
يىملىرىنىچاققان كىيىپ، يۈزىنى چالاـ
بۇلا يۇيۇپ، ناشتىمۇ قىلماي ياتاقتىن
چىقتى. ئۈچ قەۋەتلىك ئوقۇتۇش بىناـ
سىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىر - بىرىگە
ئوخشايدىغان سىنىپلارغا قاراپ بىردەم
ھاڭۋېقىپ تۇردى، مۇئەللىمى تۈنۈگۈن
كۆرسىتىپ قويغان سىنىپنىڭ يېنىغا كېـ
لىپ، دەرس ئۆتۈۋاتقان ئوقۇتقۇچىنىڭ
ئاۋازىنى ئىڭشىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ
مۈرىسىگە ئېسىۋالغان سومكىسى ئۇنىڭ
تۇرقى بىلەن ئانچە ماسلاشمىغان بوـ
لۇپ، بۇنى سەزگەن ھامان ئۇ بىر سومـ
كىنى تۈنۈگۈن تېخى ئاتىسى بىلەن قېـ
رىشىپ يۈرۈپ ئاران ئالدۇرغىنىغا ئۆكـ
ۈندى. سومكىدا كونا دەپتەر - قەلەمـ
دىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى، شۇنداقـ
تىمۇ بۇ سومكا ئۇنى ئاز - تولا ھىمايە
قىلاتتى، باشقىلار ئۇنىڭغا قاراپلا ھەمـ
مە نېمىسى كونا ئىكەن بىنۇنىڭ دېيەلـ
مەيتتى. ئۇ سىنىپقا كىرىشكە پېتىنالموـ
دەك بىرەر ئىشەنچ ۋە جۈرئىتىنىڭ يوقـ
لۇقىدىن ئاغرىنىپ، ئەتراپنى چۆگىـ
لەپ، مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىغا بېـ
رىپ قالدى ھەم سىنىپ مەسئۇلى بىلەن
تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قالدى. سىنىپ

مەسئۇلى ئۇنى كۆرۈپ تونۇدى، ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ سورىدى:

— سىنىپقا كىرمىدىڭىزما؟

ئۇ ھودۇقۇپ كېكەچلەپ كەتتى:

— مۇ... ئەللىم باركەن.

— كىتاب ئالغانمۇ؟

— ياق...

— يۈرۈڭ، كىتاب ئېلىۋېلىڭ، ئاتىڭىز قېنى؟

— تۈنۈگۈن كەتتى.

ئەمەت مۇئەللىمنىڭ چوڭ كۆزلىرىدىن، يېقىملىق سۆزلىرىدىن ئازادىلىككە، خۇشاللىققا تولۇپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى، كىتابلىرىنى ئېلىۋالدى، ئۇنى بىر باشتىن ھەۋەس بىلەن كۆرۈپ، ۋاراقلاپ چىقتى. مۇئەللىم ئۇنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن سىنىپقا باشلاپ ئەكىردى. ئەمەت گۇپۇلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرىكىنى بار كۈچى بىلەن توختىتىشقا ئۇرۇنۇپ كۆردى، ئەمما پايدىسى بولمىدى. ئوتتۇز نەچچە جۈپ كۆز دەرس ئۆتۈۋاتقان ئوقۇتقۇچىغا قارىماي ئۇنىڭغىلا قادىلىپ تۇراتتى، ئەمەت ھەر خىل تەرزدىكى ئاشۇ سانسىز كۆز نۇرىنىڭ بىر فوكۇسقا يىغىنچاقلانغانىدى. بۇ نۇرلار يىغىلىپ ئىسسىقلىق ھەم ئوت پەيدا قىلىپ ئۇنى كۆيدۈرۈۋاتاتتى. مۇئەللىم ئالدىدىكى بىر بوش ئورۇننى كۆرسىتىپ قويۇپ سىنىپتىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئىككى كىشىلىك ئورۇندۇق بولۇپ بىر قىز ئايرىم ئولتۇراتتى. ئەمەت ئۇ قىزنىڭ ئۆزىگە كىشى ئەيمەنگۈدەك قىياپەتتە قاراپ تۇرغانلىقىنى، كۆزىنىڭ ناھايىتى چىرايلىق ئىكەنلىكىنى دەررۇ ھېس قىلدى، يېنىغا بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىدى، ئەمما بارمىسا بولمايتتى. بىر ئادەمنىڭ نەزەرى ھەر قانچە ئۆتكۈر بولغان بىلەنمۇ كۆپچىلىكنى بېسىپ چۈشەلمەيتتى. ئۇ دارۋازىنىڭ ئارغامچىسى ئۈستىدە ماڭغاندەك مېڭىپ ئۇ يەرگە تەستە يېتىپ باردى، ئورۇندۇققا ئاۋايلاپ ئولتۇرۇپ سومكىسىنى پارتىغا چاققانلىق بىلەن سېلىۋەتتى، مۇشۇ ھەرىكەتلەرنى قىلىپ بولغىچە يەنە قىزنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى، پېشانىسىدىن سۇ چىقىپ كەتتى. قىزنىڭ تۇرقى - سىياقى ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى شەھەر قىزلىرىدىنمۇ ئېشىپ چۈشەتتى، كىيىۋالغان رەڭگارەڭ كىيىملىرى ئۇنىڭ كىيىمى بىلەن ئاسمان - زېمىن پەرقلىنەتتى. ئۇ بايا قىزنىڭ كۆزىنى چىرايلىق دەپ ئويلىغانىدى، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ كۆزىلا چىرايلىق بولۇپ قالماي، قاش، بۇرۇن، لەۋلىرى، ئاپئاق يۈزى... ئىشقىلىپ ھەممىلا يېرى چىرايلىق ئىدى، ۋۇجۇدىدىن كىشىنى خۇش كەيپ قىلىدىغان پۇراقلار كېلەتتى. ئۇ بارغانچە قورۇنۇپ تۈگۈلۈپ كەتتى، ئۈنلۈكرەك تىنىپ قويۇشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. ئۆزىگە شۇنچە ھاي بېرىشكە، يۈرىكىنى ئەركىن تۇتۇشقا تىرىشسىمۇ ئۈنۈمى بولمىدى. ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزلىرى، دوسكىغا يېزىپ قويغان خەتلىرىمۇ ئۇنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىدىن چەتتە ئىدى، روھىي دۇنياسىنى تامامەن باشقا بىر نەرسە ئىگىلىۋالغانىدى. بۇ «زوڭگەرلىك»نىڭ قاچانغىچە داۋاملىشىدىغانلىقىنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. قىز ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسىدىن زېرىكىپ قالدىمۇ، يا ئۇنىڭغا ئورمانلىقتىن قېچىپ كەلگەن مايمۇنغا قىزىققاندەك قىزىقىپ قالدىمۇ ئەيتاۋۇر پات - پات قاراپ قوياتتى. ئە-

مەتتىنىڭمۇ قىزغا قارىغۇسى كېلىپ قارىغانىدى، ئۇلارنىڭ كۆزى ئۇچرىشىپ قالدى. قىزنىڭ چولپان كۆزىدىكى شىددەتلىك نۇرلار ئالدىدا ئۇنىڭ قىسماق كۆزى خىرەلىشىپ قالغاندەك بولدى، يۈرىكى ئەلەملىك سوقۇپ كەتتى. قىزغا تۇرۇپلا ئۆچ بولۇپ قالدى، غۇرۇرى سۇنغانچە ئۆزىنى شۇنچە بىچارە، قەدىرسىز ھېس قىلدى.

— سومكىڭىزنى نەدىن ئالدىڭىز؟ — دېدى قىز توساتتىن پەس ئاۋازدا.

— ماگىزىندىن.

— ھە، مەن تېخى بىر يەردىن ئېپقېچىپ كەلدىمىكىن دەپتىمەن، — دېدى قىز كۈلۈپ، — دەڭە شۇ، قايسى ماگىزىندىن؟

— ئۇقمايمەن، ئاتام ئېلىپ بەرگەن.

— ئاتىڭىز كىم؟

ئەمەت ئۇ قىزنىڭ ئۆزىنى نېمە كۆرۈۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي، جاۋاب بېرىشكە ئېرىنىپ تۇرغاندا دەرس ئوقۇتقۇچىسى ئۇلارنى كۆرۈپ قالدى ۋە جىم ئولتۇرۇڭلار دېمەستىن، ئىككىڭلار نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر، دەپ ئارقىدىن ئەمەتكە قاراپ شۇنداق سەت بىر ئالايدىكى، ئەمەتنىڭ بېشىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. باشقا ئوقۇغۇچىلارمۇ پىچىر - پىچىر، گۇدۇڭ - گۇدۇڭ قىلىشىپ كەتتى. ئەمەت ئۆزىنى ناھايىتى خورلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قىزغا ئاستىرتتىن ھومىيىپ قارىدى. قورۇپ كەتسۇن ئۇنداق چىرايلىقلىقىڭ دەپ ئويلىدى. خىيالىغا «تەكەببۇر توز» دېگەن بىر ھەسەل كېلىۋالدى، ئۇ مەسىلىدە تەكەببۇر توز ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ ئاخىرى لەت بولغانىدى. ئەمما بۇ قىز ئۇنداق بولىېدىي ھەم ئۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئە-مەستەك قىلاتتى.

تەنەپپۇستا چىقىنىش قوڭغۇرىقى چېلىنغاندا قىز ئورنىدىن لەپپىدە تۇرۇۋىدى، گۈللۈك كۆڭلىكى لەرزان تەۋرىنىپ نازۇك بەدەنلىرىگە يۆگەشتى. مانا، توز قۇيرۇقىنى يايدى دەپ ئويلىدى ئەمەت، ئۇنىڭ بىرەر سەت يېرىمۇ چىقىپ قالمايدىكەن تۇۋا، چېچىمۇ شۇنداق ئۇزۇن ھەم قاپقارا. شەھەرلىك تەييارنى يەپ ئېتىزدا ئىشلىمىگەندىكىن يۈزى ئاپتاپتا قارىداي ئاپئاق پارقىراپ تۇرىدىكەن، بىزلەر مانا يۈزىمىزنى مىڭ يۇيسا قمۇچىرايىمىزدىن يەنىلا توپا يېغىپ تۇرىدىكەن. مەھەللە قىزلىرى قېشىغا ئوسما قويغان بىلەن يۈزى يەنىلا زاغرا ناندەك تۇرسا، يا يېڭى كىيىم كىيسە ياراشمىسا، نېمىلا قىلغان بىلەن بىز شەھەرلىكتەك بولالمايدىكەنمىز. ئەمما كىم مېنى شۇنداق زاڭلىق قىلىدىغان بولسا، ھەتتا ھەي ياسانچۇق توز، ئەگەر سەن بولساڭمۇ جېدەللىشىمەن، مېنى زاڭلىق قىلىدىغانغا ھەققىڭ يوق!...

ئەمەت ئۆزىچە تېرىكىپ، بارغانچە ئەشەددىي خىياللارغا چۆكۈپ كەتتى، سەل ئۆتۈپ ئۆزىدىن چۆچۈپ ئەتراپقا ئالاق - بۇلاق قارىۋەتتى، ئىشىك تۈۋىدە باشقا قىزلار بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغان ھېلىقى چىرايلىقنى كۆرۈپ سەل - پەل مۇلايىملىشىپ، ئۆپكىسىنى بېسىۋالدى.

* *

ئەمەتنىڭ يېڭى كۈنلىرى گەرچە كۆڭۈلسىزلىكتىن باشلانغان بولسىمۇ ئۇزاق ئۆتمەي بۇ يەرگىمۇ كۆنۈپ قالدى. ئۇ ھەر ئىككى ھەپتىدە، بەزىدە ئايدا بىر قېتىم ئۆيىگە قايتىپ ئۆزىگە لازىم-

لىق پۇل، دان، مېۋە - چېۋىلەرنى ئېلىپ كېلەتتى. باشقا ياتاقداشلىرىغا ئوخشاش ساندۇقىدا ساقلاپ يەيتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شەھەرلىك بالىلارنىڭ، بولۇپمۇ قىزلارنىڭ غەيۋەتلىرى بولۇپ تۇراتتى، ئەمەتمۇ گاھىدا ئۇلارغا قوشۇلۇپ قالاتتى. بۇ بىر توپ غەيۋەتچى گۇرۇھ،سانىنىڭ ئاز بولۇشىغا قارىماي،سىنىپىدا كۆپ سانلىق بولغان شەھەرلىكلەرنىڭ كەمسىتىشلىرىگە قارشى ئۆز ئەۋزەللىكلىرىنى كۆپتۈرۈپ ماختىشاتتى، ياتاقلىرىدا پو ئېتىپ سىنىپقا چىققاندا يەنە شۈمشىيىپ قېلىشاتتى. ئەمما ئەمەتنىڭ بۇنى تەن ئالغۇسى كەلمەيتتى، باشقا يول بىلەن شەھەرلىكلەرگە، بولۇپمۇ ئاشۇ قىزغا ئۆزىنى تونۇتۇپ قويۇشنى ئويلايتتى. ئۇ قىزنىڭ ئىسمىنىڭ مېھراي ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىسمىنى سەھرالىقچە ئاتاپ چىشىغا تېگىدىغان بولىۋالدى، ئۆزىنىڭ نېمىشقا شۇنچە جۆرئەتلىنىپ كەتكەنلىكىگىمۇ ھەيران ئىدى، بىر تۇرۇپ مۇشۇنداق قىلمىسا ئۇ قىزنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ موللام مۈشۈك بولۇپ قالىدىغانلىقىنى تەخىرسىز ھېس قىلاتتى.

قىز مۇئەللىمگە ئۆز ئورنىنى باشقا يەرگە يۆتكەپ قويۇشنى ئېيتقانىدى، مۇئەللىم خالىغانچە يۆتكىلىشكە بولمايدىغانلىقىنى، ئەگەر شۇنداق قىلسا سىنىپنىڭ مۇقىم تەرتىپى ۋە بالىلار مۇناسىۋىتىنىڭ قالايمىقانلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى، كېلەر مەۋسۇمدا يۆتكەپ قويسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. قىز ئامالسىز ئەمەتنى ئەپەپلىگىلى تۇردى.

— ئېغىزىڭنى يىغىپ يۈر جۇمۇ شۇمتەك!

— نېمە بولدىڭىز مەرىخان، يەنە مەرەپ قالدىڭىزغۇ؟ - دېدى ئەمەت گومۇشلارچە كۈلۈپ. گەرچە قىزنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلسىمۇ بىراق ئۇ قىزنىڭ بىر ئاجىزلىقىنى بايقىۋالغانىدى، ئۇنىڭدىن بۆسۈپ ئۆتۈش ئۈچۈن ئەسلىدىكى ياۋايى، كەپسىز ھالىتىنى ساقلىمىسا بولمايتتى.

— گەپ قىلمىسام ئەجەب نوچىلىشىپ كەتتىڭغۇ بۇ تومپاي! - قىزنىڭ راست دەۋاتقانلىقىنى ياكى چاقچاق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

— ئۇنداق دېمەڭ مەرىخان، تومپاينىڭ كۈچىنى كېيىن كۆرۈپ قالىسىز! - دېدى ئەمەت.

— كەلگەندە خېلى بىر ياۋاش كۆرۈنىۋىدى، ياۋاشنىڭ مۈڭگۈزى ئىچىدە دەپ...

— سىزمۇ شۇ ۋاقىتتا ماڭا ئەجەب پەيزى كۆرۈنگەنتىڭىز، لېكىن ...،- ئەمەت قىزنىڭ ئېچىلىپ كېتىۋاتقان چىرايىغا قاراپ ئاخىرىنى دېمىدى.

— لېكىن نېمە؟ - دېدى قىز ئاخىرىنى ئاڭلىماقچى بولغاندەك ئەستايىدىل، يېقىملىق ئاۋازدا.

— لېكىن خېلى بولمىدىغاندەك قىلىسىز، - دېدى ئەمەت ئۇنىڭ ئاۋازىدىن تەسىرلىنىپ.

قىز ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى، ئەمما ئۆزىنى دەررۇ ئوڭشاپ:

— سەن شۇمتەك گەپ ياساشقا ئەجەب ئۇستىكەنسىنا؟ بۇنداق گەپ قىلىشنى نەدىن ئۆگەندىڭ؟

— ئاتامدىن.

— ئاتاڭ خوشامەتچى ئوخشىمامدۇ؟

— مېنىڭ ئاتام دېگەن دېھقان، خو-
شامەتنى سىزنىڭ كادىر ئاتىڭىزدەك
قامالاشتۇرالمايدۇ.

— مېنىڭ دادام كادىر ئەمەس، سو-
دىگەر.

— ھە، شۇنداقمىدى ...

— سەن شۇمتەكنىڭ تىلى خېلى ئۇزى-
راپ قاپتۇ جۇمۇ!

— نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بىزنى گەپ
قىلالمايدۇ دەپ يۈرگەنمىدىڭىز؟

— مۇئەللىم سېنى سىنىپقا ئەكىرىپ
قويسا تېخى قايسى يەسلىنىڭ بالىسى-
نى يېتىلەپكەلگەندۇ دەپ قاپتىكەنمەن.

ئەمەت بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەل بى-
ئارام بولدى. قىز ئۇنىڭ بىردىنلا شۈك-
لەپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تېخىمۇ چې-
قىشتى:

— سومكاڭ خېلى چىرايلىقكەن، قە-
يەردىن تېپىۋالدىڭ؟ تېپىۋالغان نەر-
سىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇش كېرەكلىكى-
نى بىلمەمسەن؟

— ....

— بۇنىڭدىن كېيىن مېنى بالىلارنىڭ
ئالدىدا «مەرىخان» ياكى «مەرەك» دەي-
دىغان بولساڭ سومكاڭنى بوينۇڭغا ئې-
سىپ، قاراڭلار بالىلار، ماۋۇ ئوغرىلان-
غان سومكا ئىكەن، دەپ سازايى قىلىمەن.

ئەمەت بىر تەرەپتىن خاپا بولۇپ،
يەنە بىر تەرەپتىن ئىچىدە كۈلۈپ دوس-
كىغا قاراپ ئولتۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ بۇ
تۇرقىغا قىزنىڭ سەل مەسخىرىسى كېلىپ
كېيىنكى باشقا ياققا بۇرىدى:

— سەن باشلانغۇچنى پۈتتۈرۈپلا بۇ
يەرگە كېلىۋالغاندەك تۇرىسەن.

— يېزىدىمۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەك-
تەپ بار.

— ئوتتۇرا تېخنىكوم ئىمتىھانىدىغا
قاتناشقانمۇ؟

— ياق، باشقىلار قاتناشتۇرمىغان.

— نېمىشقا؟

— بويۇڭ كىچىك دەپ.

— قانى جىقراق يېسەڭ بولمامدۇ،
كىم سېنى پاكار بولسۇن دېدى؟

ئەمەت قىزنىڭ سوئالىغا بەك ئەسە-
بىيلىك بىلەن جاۋاب بېرىۋەتكەنلىكىگە پۇ-
شايمان قىلدى.

— شەھەرلىكتەك بىكار يېتىپ يېگەن
بولساق ئېگىز، چىرايلىق بولاتتۇق...

— نېمىشقا شۇنداق بولمىدىڭ؟

— مەن نېمە بىلەي، سىز يېزىدىن
بولمىغانلىقىڭىز بۇنى بىلمەيسىز. خو-
جامنىڭ قورسىقى توق، قولى بىلەن
ئىشى يوق.

— ۋاييەي، نېمە دەپ كېتەي ئەمدى،
تازا بىر تاۋىنازۇك شۇمتەككەنسەنغۇ!؟

ئەمەت بۇنداق باھاغا ئۇچرىشىنى
ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى-
نى غەمكىنلىك، غېرىبلىق چۇلغىۋالدى،
سومكىسىدىن دەرسلىك كىتابلارنى ئې-
لىپ مۇزاكىرىگە چۈشتى.

— ماتېماتىكا تاپشۇرۇقۇمنى
ئىشلەپ بېرەمسەن؟ - دېدى
قىز توساتتىن ئىنتايىن يېقىملىق ئىل-
تىجا ئاھاڭىدا.

ئەمەتنىڭ قەلبىدىكى غەشلىك تۇ-
ماندەك ئاستا - ئاستا تارقاپ، ئىچ-
كى ئالەمىدە بىر نۇرلۇق قۇياشنىڭ
سىماسى كۆرۈندى. قىز دەرس ھەققىدە
ھەر قېتىم مۇشۇنداق ئۆتۈنگەندە ئۇ
ئىختىيارسىز مەغرۇرلىناتتى. بۇ مەغ-
رۇرلۇق ئۇنىڭغا تېخىمۇ زور ئەقىل-
پاراسەت، كۈچ، ئىرادە بېغىشلايتتى.
دەرستىمۇ ھەممىنىڭ ئالدىدا ئۆزۈپ
باراتتى.

* *

ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئەمەت مېھرايىنىڭ ئىختىيارىغا بويسۇنىدىغان بولۇپ قالدى. قىزمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇنىڭغا ئامراقلىق قىلىپ قوياتتى، ئۆيىدىن ھەر كۈنى ئەتىگەندە تۇخۇم، گازىر، پېچىنە دېگەندەك ئۇششاق-چۈششەك يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ كېلىپ ئەمەتنى « بېقىپ » تۇراتتى. ئەمەتمۇ ئۇنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ، ئىمتىھانلاردا ئاز-تولا ياردەم بېرەتتى. شۇ تەرىقىدە بىر مەۋسۇم ئۆتتى. قىشلىق تەتىلدە ئەمەت ئۆيىگە قايتىپ قوي باقتى، مېھراي بىلەن ھەر كۈنى دېگۈدەك خىيالەن سىردىشىپ يۈردى. قىزنىڭ كۆڭۈلنى ئاغرىتىدىغان گەپلەرىنى ئېسىدىن چىقىرىۋېتىپ يۈرىكىگە دەرمان بېرىدىغان يېقىملىق گەپلىرىنى، قەلبىنى شادلاندۇرىدىغان تاتلىق قىلىقلىرىنى ۋە ھەر خىل ئۇنتۇلغۇسىز چىراي ئىپادىلىرىنى ئېسىدە ساقلىدى، تەتىلنىڭ بالدۇرراق توشۇشىغا ئىنتىزار بولدى.

ئەمما تەتىل توشقاندا سىنىپ مەسئۇلى ئۆز سۆزىگە ئەمەل قىلىپ مېھراينى ئورنىدىن يۆتكىۋەتتى. ئەمەت قىممەتلىك بىر نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك تىت-تىت بولۇپ، ئىككى كۈنگىچە خاموش يۈردى. يېنىدا ئولتۇرىدىغان توختى ئىسمىلىك باشقا بىر يېزىلىق ئوقۇغۇچى بىلەن بىكار بولسىلا سەت گەپلەرنى قىلىشىپ، خىلمۇ خىل ئويۇنلارنى چىقىرىپ ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلدى، دەرسكىمۇ يېتىشەلمىگىلى تۇردى. ئۇنىڭغا مېھرايىنىڭ قانداقتۇر بىر يېرى ئۆزگىرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. تەتىلدىن يىغىلغان تۇنجى كۈنى ئۇچ-راشقاندىمۇ قىز ئەمەتكە ئۇنچە ۋاي دەپ كەتمىدى، پەقەت مۇندا قىلا بىر قاراپ كۈلۈپ قويدى، بۇ كۈلكە تولىمۇ چوڭ سۈپەت ئىدى. ئەمەت ئۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي ھەيران ئىدى.

— مەن ئوقۇمايدىغان بولدۇم، - دېدى توختى بىر كۈنى ئەمەتكە جىددىي تىكىلىپ.

— نېمىشقا؟

— ئاكام ئىچكىرىدىن كەپتىكەن، يەنە كېتىدىكەن. ئۇ مېنىمۇ بىللە بېرىپ ئوقەت قىلىسەن دەيدۇ. ئۆزۈمنىڭمۇ ئوقۇغۇم يوق، شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن كېتەي دەيمەن.

— ئاتاڭچۇ، ئاتاڭ نېمە دەيدۇ؟

— كەچكىچە ئاتاڭنىڭ ئاغزىغا قاراپ يۈرۈۋېرەمسەن، ئۇلار ئوقۇ دېگەن بىلەن قولىدا پۇل بولسا بولىدۇ، يېرىم يىلنى ھېلىمۇ چىداپ ئۆتكۈزدۈم، بولار ئەمدى ...

شۇنداق قىلىپ توختى كەتتى، ئۇنىڭ ئورنى بوش قالدى. ئەمەت توختىنىڭ گېپىنى ئويلاپ ئاتىسىنىڭ ۋەجىك بەستىنى، ياداڭغۇ يۈزىنى، ئورۇق، قاتمال قوللىرى بىلەن يانچۇقىدىن ئاۋايلاپ ئېلىنىۋاتقان پۇللارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. نەدىكى بىر ھالى چوڭ شەھەرلىك قىزنى دەپ ئەس-يادىنى، زېھنىنى چېچىۋېتىپ يۈرگىنىگە ئېچىندى. بۇ مەۋسۇمدە دەرس تېخىمۇ تەسلەشتى، تاپشۇرۇقلار كۆپەيدى. مېھراي ئۇنىڭدىن يەنە دەرس سوراپ پات-پات كېلىپ تۇراتتى. قىز كەتكەندىن كېيىن ئەمەت ئۇنىڭ ئولتۇرغان يېرىگە پات-پات قارايتتى، ئۆزىمۇ بىلىپ-بىلمەي شۇ ياققا سۈرۈلەتتى، كۆڭلىگە كەچكەن ھەر خىل ۋەس-

uyghurkitap.com



ۋەسىلەردىن گاھىدا چۆچۈپمۇ قالاتتى.

مەۋسۇملۇق ئىمتىھانىدا ئۇلار بىللە ئولتۇرۇپ دەرس تەكرارلىدى. مېھراي بىر كۈنى ئەتىگەندە يەنە ئىككى توخۇم ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭغا تەڭلىدى:

— يە، شۇمتەك، بويۇڭ تېزرەك ئۆسسۇن! — ئەمەت قىزنىڭ چاقناق كىرپىك كۆزلىرىدىن ئوخچۇپ چىقىۋاتقان سېھىرلىك نۇرلارغا يەنە چىداشلىق بېرەلمەي قالدى، ھاياجاندىن تىترىگەن قولىنى ئۇزىتىپ، بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ سۆزلەپ كەتتى:

— كۈندە توخۇم ئەكېلىسىز، ئۆيىڭىزدە توخۇ شۇنداق كۆپمۇ؟

— كۆپ بولمايچۇ، شەھەرلىكلەرنى توخۇ باقمايدۇ دەمسەن!

ئەمەت توخۇمنى ھۇزۇرلىنىپ يەۋېتىپ، ئۆيىدىن ئەكېلىپ ساندۇقىدا ساقلاپ يەيدىغان مېۋىلەردىن ئەتە يەنە قىزغا بىر ئاز ئېلىپ چىقىشنى ئويلىدى.

— ئەمەتجان!

— ھە؟

— قەلىمىم چۈشۈپ كەتتى، ئېلىۋەتە!

ئەمەت يەۋاتقان توخۇمنى قويۇپ پەسكە ئېڭىشتى. قەلەم مېھراينىڭ پۇتى ئاستىغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۆزى ئالسا بويى تاقىشىپ قالامدىكىنە!؟ دەپ ئويلىدى ئەمەت، لېكىن ئۇ بۇ بىمەقەم خىيالىدىن چاپسانلا ۋاز كەچتى. جوزا ئورۇندۇقلىرى تۇتاش كەتكەن پارتىنىڭ ئاستىغا كىرىپ قەلەمنى ئەمدى ئالاي دېيىشىگە كۆزى قىزنىڭ پاچاقلىرىغا چۈشۈپ يۈرىكى ئاغدى، نەزەرى ئىختىيارىغا بويسۇنماي بارغانسېرى يۇقىرىلاپ قىزنىڭ يوتىسىغىچە بېرىپ توختىدى. بىر - بىرىگە جۈپلىشىپ تۇرغان ئۇ ئاق، سۈزۈك، يۇمران يوتىلارنىڭ كۆك تومۇرلىرى روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەمەتنىڭ سەزگۈلىرى توك تېگىۋەتكەندەك جىغىلداپ، قېنى قايناپ كەتتى. ھوشىنى دەرھال يىغىپ جوزىنىڭ ئاستىدىن چاققان چىقىۋالدى، يۈزى قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— ئالالمىدىڭما؟

ئۇ قىزنىڭ ئاۋازىدىن دىر تىترىگەندە چۆچۈپ، قەلەمنى قىزنىڭ ئالدىغا ئاۋايلاپ قويۇپ، كىتابقا قارىۋالدى.

— ماڭا قارا، ماۋۇ توخۇمنىڭ ئېقىنى يەمسەن سېرىقىنىمۇ؟

— ئۆزىڭىز يەڭ، بايىقى توخۇمنى تېخى يەپ بولالمىدىم.

— ئەڭ ياخشىسى سەن ئېقىنى يە، سېرىقىنى يېسەڭ ئۆزۈڭ بىر سېرىق، بىر سېرىق ئىككى بولىدۇ.

— بولدى، ئۆزىڭىز يەڭ...

— ۋاي سېرىق، كۆيۈنگەننى بىلمەيۋاتىسەن - ھە!؟ ئەتە چېنىقىشقا چىقامسەن؟

— چىقىمەن، سىزمۇ چىقىڭ، تۆت كوچىدا سىزنى ساقلاپ تۇراي.

— ساقلىمىساڭمۇ دېگەن ۋاقىتتا چىقىپ بولىمەن، چېنىقىپ بولۇپ بىللە تەكرار قىلايلى.

ئەتىسى ئەمەت سەھەر ئويغىنىپ كوچىغا يۈگۈرگىلى چىقتى، مېھرايمۇ دېگەن ۋاقىتتا تۆت كوچا ئېغىزىدا كۆرۈندى. ئۇ يارىشىملىق تەنھەرىكەت كىيىمى كىيىۋالغان بولۇپ، يىراقتىن ئەمەتنىڭ ئىسمىنى توۋلىغاچ يۈگۈرۈپ كەلدى. يېقىملىق ئاۋازى تاڭ پەردىسىنى بۆسۈپ ئۆتتى، گۈزەل جامالى سەھەر غۇنچىسىدەك جۇلالىدى. ئەمەت شادلاندى، ۋۇجۇدىغا ھاياجاندىن كۈچ-

قۇۋۋەت تولدى. ئۇ نەچچە يىللاردىن كېيىنمۇ بۇ مەنزىرىنى مەستانىلارچە ئەسلەيدۇ. ئۇلار بىللە يۈگۈرۈشتى، بىللە ئۆگىنىشتى، قۇياش كۆتۈرۈلگەندە ئاندىن خەيرلەشتى.

* *

ئەمەت ئونىنچى سىنىپقا چىققاندىن كېيىن سېرىق شاپتۇلدەك يۈزىنىڭ تۈكى چۈشۈپ ئاق ئالمىدەك پارقىراشقا، بويى ئۆسۈپ مېھراينىڭ بويى بىلەن تەڭلىشىشكە باشلىدى. بىراق مېھراي ئۇنى سەزمىگەندەك ئەمەتنى يەنە «سېرىق ئاسلان»، «يەر پايپىسى، قوناق مەددىكى» دەپ پات - پات چېقىۋالاتتى. ئەمەت بۇ گەپتىن سېرىق ھەرە چېقىۋالغاندىنمۇ ئۆتە تولغىنىپ بىئارام بولاتتى، ھەر كۈنى سەھەردە چېنىقىشنى قولدىن بەرمەيتتى، دەرسنى ۋاقتىدا تەكرارلاپ مېھرايغا ئۆزىنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇشنى ئويلايتتى. گاھىدا ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان بارلىق ئىشلىرىنى پەقەت مېھراي ئۈچۈنلا قىلىۋاتقاندەك، كۆرسىتىۋاتقان قىلىقلىرىنى خۇددى تويغا تەييارلىق قىلىۋاتقان ياسانچۇق جۇۋاننىڭ قىلىقلىرىدەك ھېس قىلىپ، ئۆز - ئۆزىدىن ئاغرىنىپ بۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىرىشاتتى، بىراق ھەممىلا تەرەپكە تەڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ھالىدىن كېتىشكە يۈرىكى چىدىمايتتى.

مېھراي ئەسلىدە ئۇنىڭ خىيالىي ئالىمىدە بارغانسېرى غايىۋى تۈس ئالغانىدى. شۇغىنىسى ئەمەتكە ئۇ دەرس باشلانغان تۇنجى كۈنىسىلا ئۆتكەن قېتىمقىدىنمۇ بەكرەك چوڭ سۈپەت كۆرۈندى، ئەمەتنى ئۇمىدسىزلىككە تاشلىدى. قىزنىڭ، تەتىلنى ياخشى ئۆتكۈزگەنسەن دېگەن گېپىدىن ئەمەت رازى بولمىدى، چىراي ئىپادىسىدىن بولسا قۇيقا چېچى تىك تۇرۇپ كەتتى. كۆڭلىنى ئالەمچە غېرىبلىق باستى، روھىي دۇنياسىنى قاراڭغۇ تۇمان قاپلىدى، بۇ تۇمان خېلى كۈنلەرگىچە تارقىمىدى. ئۆزى تەلپۈنگەن پارلاق قۇياش بۇلۇتنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى. قىز ئۇنىڭدىن بۇرۇنقىدەك دەرس سوراپ كېلەلمەيتتى، سىناقتىن تۆۋەن نومۇر ئالسىمۇ ياكى ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قالسىمۇ بىپەرۋا يۈرۈۋېرەتتى. سىنىپقا كۈندە بىر خىل ياسىنىپ كېلەتتى. ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ ھەم ئاۋايلاپ يېپىپ، كېچىكىپ قېلىش خىجىللىقىنى قايرىپ قويۇپ، ھەممە بالىلارغا بىر خىل مەغرۇر نەزەردە بېقىپ، ئۆز ئورنىغا بېرىپ بىمالال ئولتۇراتتى.

ئەمەتنىڭ شادلىقى ئازايدى، بارغانچە جىمغۇر، كەم سۆز بولۇپ كەتتى. مېھراينى خىيالىدىن قوغلاپ ئۇنى ئۆزىگە ئۆچ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇپ باقتى، بۇمۇ قاملاشمىدى. ئاخىرى بولماي ھېچكىمگە ئارىلاشماي دەرسلا ئۆگەندى، بۇنىڭ خېلى ئۈنۈمى بولدى. سىناقتىن ياخشى ئۆتتى، مۇئەللىملەرنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى، بىر قانچە قېتىم تەقدىرلەندى. ئۇ شەرەپكە ئېرىشكەن چېغىدىمۇ مېھراينى ئاستىرتتىن كۆزەتتى. قىز يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئىدى. ياق، ئۇ بۇنىدىن بۇرۇن ئۇنداق ئەمەستى، ئەجەب ئوماق بىر قىز ئىدى، كىشىنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرەتتى! ئەمەتنىڭ يۈرىكى تاغ تېشىدەك ئېغىرلاشتى، مەغرۇرلۇق كەپتىرى نەگىدۇر ئۇچۇپ كەتتى. بۇ نېمە ئالامەت، دەپ

ئويلىدى ئۇ، شەھەرلىك دېگەن شۇنداق يۈزىدە تۈكى يوق بولامدۇ، تەتىلدە مەن ئۆيدە ئىشلەپ يا ئاپتاپتىن قارىداپ، پاكارلاپ باشقىچە بولۇپ كەتمىسەم، دەرستىنمۇ ئالدىدا مېڭىۋاتسام، ھەممە ساۋاقداشلار مېنى ھۆرمەتلەۋاتسا ئۇنىڭ ئۆزىچىلا ئۆزگىرىپ قالغىنى قىزىق! ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟ ئاتىسى بىلەن ئاپىسى ئۇرۇشۇپ ئاجرىشىپ كەتكەنمىدۇ؟ يا بىرەرسى بىلەن مەخپىي يۈرۈۋاتامدىكىنە؟ شەھەرلىك بالىلار دېگەننىڭمۇ باشلانغۇچتىلا مۇھەببەتلىشىدۇ دەپ ئاڭلىغانىدىم، كىم بىلىدۇ، ئۇ قىزمۇ ئاللىكىملەر بىلەن ئاللىقاچان يۈرۈشۈپ، قول تۇتۇشۇپ، سۆيۈشۈپ بولدىمۇ! ئەمەت ئەمدى ئۇتەكەببۇر قىزنىڭ چىرايىغا قارىماسلىق قارارىغا كەلدى. ئەگەر قاراش توغرا كەلسىمۇ قاپىقىنى تۈرۈۋېلىشىنى، گەپ قىلسا گەپ قىلماي تۇرۇۋېلىشىنى ئويلاپ قويدى.

بىر كۈنى چۈشتە ئەمەت سىنىپتا تاپشۇرۇق ئىشلەپ ئولتۇراتتى، ئىشىك تۇيۇقسىز ئېچىلىپ مېھراي كىرىپ كەلدى، ئەمەت قارىماي ئولتۇرۇۋەردى.

— نېمە يېزىۋاتىسەن؟

— ھېچنېمە.

— سىنىپتىن چىقىپ تۇر، سۈپۈرىۋالاي.

ئەمەت مېھراينىڭ بۈگۈن سىنىپ نۆۋەتچىسى ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئارتۇقچە تىركىشىپ ئولتۇرۇشنى راۋا كۆرمەي، دەپتەر-قەلەملىرىنى يىغىشتۇرۇپ سىنىپتىن چىقىپ كەتتى.

بىر دەمدىن كېيىن سىنىپنىڭ چاڭ-توزان بېسىقتى. ئەمەت سىنىپقا كىرگەندە مېھراي يوق ئىدى، سەل ئۆتۈپ ئۇ بىر چېلەك سۇ ئېلىپ كەلدى ۋە سېمونت پولغا چېچىشقا باشلىدى. ئەمەت ئۇنىڭ مەشغۇلاتىنى كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا كۆزىتىپ ئولتۇراتتى. سەل تۇرۇپ ئۆزىنىڭ بۇ قىلىقىدىن ئۇيىلىپ ھېچنېمىنى كۆرمەسلىككە، ھېچنېمىنى ئويلىماسلىققا تىرىشتى؛ قاپىقىنى مەھكەم تۈرۈپ، يەڭلىرىنى شىمايلاپ تاپشۇرۇق ئىشلەشكە كىرىشتى. مېھراي دېرىزە تەكچىسىگە قويۇلغان تەشتەكتىكى گۈللەرگە سۇ قۇيغاچ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى، ئەمەتنىڭ ھەممە ئەزايى تەبىئىيلىكىنى يوقىتىپ بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ گەدىنىگە تامچىلىغان سۇ تامچىسىدىن ئەندىكىپ، چۆچۈپ كەينىگە قارىدى. مېھراي ئۇنىڭغا قاراپ گۈلدەك ئېچىلىپ كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى، نەچچە ۋاقىتتىن بېسىلىپ قالغان زۇۋانى بىراقلا پارتلاپ كەتتى:

— نېمە قىلىۋاتىسىز؟

— ھېچنېمە، ئۇسساپ كېتىپتىكەنسەن، سۇغىرىپ قويدۇم.

— چاقچاق قىلىدىغان ئادىمىڭىزنى تېپىپ چاقچاق قىلىڭ جۇمۇ!

قىز ئۇنىڭ ئۆكۈپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ سەل چۆچىدى، ئاۋازى پەسلەپ كەتتى:

— مۇنداقلا ئويىنىشىپ قويدۇم، نېمانچە ۋارقىراپ كېتىسەن؟!

— سەنلەيدىغان ئادىمىڭىزنى تېپىپ سەن دەڭ جۇمۇ!

قىز ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى. ئەمەت ئەڭ زور جۈرئەت بىلەن ئۇنىڭ ئاشۇ تۇرقىغا

ئاخىرقى قېتىم غەزەپ بىلەن قاردۋەتتى ۋە ناھايىتى تېزلا كەينىگە ئۆرۈلۈپ جايىدا ئولتۇرۇۋالدى. ئاچچىقتىن ئوت ئېلىپ، لىپىلداپ كەتكەن يۈزى پەسكويغا چۈشتى، كىتابقا قادالغان كۆزىگە خەتلەر سەكراۋاتقاندەك كۆرۈندى. بېشى ھەرەسولانغان قاپاقتەك غوڭۇلداپ كەتتى.

قىز چېلەكتە ئېشىپ قالغان سۇلارنى يەرگە چېچىۋېتىپ، سىنىپتىن چىقىپ كەتتى.

شۇندىن كېيىن ئەمەتنىڭ مېھراي ھەققىدىكى خام خىياللىرى ئازلاپ قالدى.

* *

مېھراي بارغانچە تولۇپ، گۈزەللىشىپ كەتكەنچە ئەمەت يەنە كونا ۋەسۋەسىلەردىن قۇتۇلالماي كۆپ پاراكەندە بولدى. ئۇ ۋەسۋەسىلەر ئۇنىڭغا بۇدۇشقاقتەك چاپلىشىپ قەلب ئېتىزىدا سانسىز يېڭى ئۇندۇرمىلەرنى پەيدا قىلىۋەتتى. ئەمەت قىزغا توڭ تەگكەندىن كېيىن ئۇنى ئۇزۇنغىچە گەپ قىلمايدۇ دەپ ئويلىغانىدى. بىراق قىز ئوخشاشلا ئۇنىڭغا گەپ قىلىۋەردى، لېكىن «پاكار، سېرىق» دېگەن گەپلەرنى ئېغىزىدىن چىقارمىدى، ئۇنىڭغا تېخى پات-پات يېقىملىق كۈلۈپ قارايدىغان، دەرستە بەزى قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلسە ئۆزىنىڭ يېنىغا تارتىنماي سوراپ كېلىدىغان بولدى. ئەمەت بۇنىڭدىن يەنە ئۆچكە يېغىدەك ئېرىپ كەتتى، خام خىياللىرى قايتىدىن پەيدا بولدى.

شۇ كۈنلەردە بالىلار ئارىسىدا «مېھراي بىلەن غەيرەت يۈرۈپتۇ» دېگەن مىش-مىش پاراڭ تارقالدى. ئەمەت بۇ گەپنى ئاڭلاپ قېلىپ بىركېچە تولغىنىپ ياتالمىدى، چۈشەكەپ جۆيلۈپ چىقتى. ئەتىسى قاق سەھەردە ئويغىنىپ كېتىپ، مېھراي بىلەن غەيرەتنىڭ قاچان، قەيەرلەردە بىللە يۈرگەنلىكىنى ئەسلىيەلمەي، ھاماقەتلىكىدىن ئاغرىنىپ ئاخىرى ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىغا تەن بەردى. غەيرەت شەھەرلىك، سىنىپباشلىقى، تەبىئىي بۇدۇر چاچ، ئېگىز، كېلىشكەن بولۇپ، بۇ ئالاھىدىلىك ئەمەتتە يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ ئەمدى تۈگەشتىم دەپ ئويلىدى، لېكىن ھېچنېمىگە بويسۇنمايدىغان بىر خىل تىرتەك غۇرۇر ئۇنىڭغا ئۇنداق ئويلاشنىڭ تېخى بالدۇر ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ تۇراتتى.

ئەمەت شۇنىڭدىن كېيىن مېھرايدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئۆزىنىڭ پىنھان خىيالىي ئالىمىگە، دەرسنىڭ نۇرلۇق ئوردا-قەسرىگە راۋان بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كاللىسىنى مالىمان قىلىپ تۇرۇۋاتقان تۈرلۈك ئارزۇلارنىڭ ھەددىدىن ئېشىشىنى تىزگىنلىمەكنى نىيەت قىلدى. ئاتىسى ئۆزىگە ھەر قېتىم تاپىلايدىغان مەجبۇرىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا، يىراقتىكى ئالۋۇندەك تەۋرىنىپ تۇرغان غايەت زور ۋەھىمىلىك تەقدىر سىنىقىدىن ئۆتۈشكە بەل باغلىدى. ئۇنىڭغا بالدۇر تەييارلىق قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا دېھقانلارغا خاس سەۋرچانلىق، قانائەت ئويغىنىشقا باشلىدى. ئۇ مېھراي بىلەن غەيرەتنىڭ سىنىپتا بىللە ئولتۇرغىنىنى، مەيداندا بىللە ۋالىبول ئويناۋاتقانلىقىنى، ئۆيىگە بىللە قايتىۋاتقانلىقىنى كۆرسىمۇ ئانچە ئازابلىنىپ كەتمەيتتى. ئۇلار بىر-بە

رىگە ھەقىقەتەن ماس كېلىدۇ، ماڭىمۇ خۇدايىمنىڭ يەتكۈزگىنى باردۇر دەپ ئويلايتتى، يۈرىكى ئەلەملىك سوقۇپ، قەلبى شەخسىي ئاجىزلىقىنىڭ يېڭىلمەسلىك تۇيغۇلىرىغا چۆمۈلۈپ تۇرسىمۇ ئۆزىگە تەسەللىي بېرىشنى ئۇنتۇمايتتى. ھەتتا غەيرەتتەك ئادەملەرگە ھەۋىسى كېلەتتى، مۇمكىن بولسا جىن - شايا تۇنلاردەك بىرلا ئۆزگىرىپ ئۇنىڭغا ئايلىنىپ قالغۇسى، مېھرايىنىڭ مېھىر - ۋاپا، ئىشىق شولىسى پارلاپ تۇرغان كۆزلىرىگە تويماي قاراپ، بەخت شارابىدىن مەست بولغۇسى كېلەتتى. كېيىن ئۇلار نېمىشقىدۇر يىراقلىشىپ قالدى، مېھراي يەنە ئادەتتىكىدەك مەغرۇر يۈرەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئەمەت يەنە بالىلار ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن «مېھراي غەيرەتكە تەلەپ قويۇپتىكەن، غەيرەت مەن باشقا بىر قىزنى ياخشى كۆرىمەن دەپ ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپتۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قاتتىق ھەيران بولدى، بۇ ئىشنى ئەقلىگە ھېچ سىغدۇرالمىدى، ئۇ گەپكىمۇ ئۇزاققىچە ئىشەنمەي يۈردى. ئەمما ئەمەلىي ئەھۋال شۇنداق ئىدى، ئۇلاردا ئەمەت ئويلىغاندىكىدەك ئۇنداق ئاپاق - چاپاق مۇناسىۋەت ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئەمەت غەيرەتنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىنى، ئېغىر - بېسىق ھالەتلىرىنى، تەبىئىي پەندىكى بىلەرمەنلىكىنى خىيالىدىن بىر - ۋۇ بىر ئۆتكۈزۈپ، مېھرايىنىڭ نەزەرىدىكى مۇھەببەت مەبۇدىسىنىڭ ئالەمنى مالەم قىلىۋېتەلەيدىغان شۇنچە زور قۇدرىتىنىڭ زادى نەدىن كېلىدىغانلىقىنى ھېچ بىلەلمىدى. ئۇنىڭغا ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك ھەۋەسلىنىشكە ھەتتا چوقۇنۇشقا تاس قال-

دى؛ ئەمما ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭمۇ بەزىبىر نۇقسانلىرىنى بايقاپ ئۆزىنى بارا - بارا تېپىۋالدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە مېھرايىنىڭمۇ ھامان بىر ئوغۇلغا كۆڭلى چۈشىدىغانلىقىنى، قىزنىڭ ياسىنىش، تارىنىش، كۈلۈمسىرەش، كۆرەڭلەشتىن تارتىپ ھەممە قىلىقلىرىنىڭ بىر ئوغۇلنىڭ كۆڭلىنى ئوۋلاش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەندەك بولدى. خەقلەر، قىز بالا دېگەن شەيتان بولىدۇ، شەيتاندەك تېز چوك بولىدۇ، شەيتاندەك ئۆزگىرىشچان كېلىدۇ، شەيتاندەك يامان بولىدۇ، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمىگۈلۈك، دەپ بىكار دېمەپتىكەن. ئەگەر مېھراي گۈلنىسانىڭ ئورنىدا بولۇپ قالغان بولسا ئوقۇماي كەتمەن چېپىپ، پۇل دېگەننى راسا تېپىپ، ئاتامنى ئەلچىلىككە قويۇپ بىراقلا توي قىلىۋالاتتىم - دە، تىلىكىمگە يېتەتتىم. توي قىلىشقا ئۇنىماي قالسا مەنمۇ باشقىلاردەكچا تاق تېرىپ ئىششىپ ئولتۇراتتىم، ئۇ چاغدا ئۇنىماي ھەددى ئەمەس ئىدى. يۈرىمەن، مۇھەببەتلىشىمەن دەپ شەھەرلىكلەردەك زەيپانىلەرچە ئىش قىلىپ يۈرمەيتتىم، شاپاققا پوقنى ئۇسمايتتىم. قۇرۇپكەتسۇن ئۇنداق مۇھەببەت! «دەردى يوق ئېشەك، ئىشقى يوق كېسەك» بولسامۇ مەيلى، ئۆگىنىشىمنى قىلىمەن، ئوقۇشقا بارىمەن دەپ ئويلىدى.

* *

ئاخىرقى يىل، ئۇلارغا تەقدىر ئۈچۈن جەڭ ئېلان قىلىش چاقىرىقىنى چاقىردى. سىنىپ مەسئۇلى ئۆز سىنىپىدىكى بالىلارنىڭ تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەنگە ئايرىلىپ كېتىشىنىڭ ئال-

...ندا ئۇلاردى بىر دەم ئېلىش كۈنىدە سەيلىگە چىققاچ بىر كۈن كۆڭۈل ئېچىپ ئولتۇرۇشنى تەكلىپ قىلدى. ساۋاقداشلار دەرھال ئاۋاز قوشۇپ، ئۆز يېنىدىن پۇل يىغىش قىلىپ، ئويۇن - تاماشاغا كېرەكلىك ھەر خىل نەرسىلەرنى تەل قىلىپ سەيلىگە ماڭدى. ئۇلارنىڭ مەنزىلگاھى ناھىيە بازىرىغا يېقىن جايدىكى بىر چوڭ بۇلاقنىڭ بويىدىكى چىمەنزارلىق بولۇپ، ئەتراپى سۆگەتلىك بىلەن تولغان ھاۋالىق، تەبىئىي، ياخشى سەيلىگاھ ئىدى. ئەمەتنىڭ بۇيەرگە ساۋاقداشلىرى بىلەن بىرگە كېلىشى تېخى تۇنجى قېتىملىق بولغاچقا، سەھراغا خاس بۇ خىلۋەت، گۈزەل جاينى كۆرۈپ ھاياجىنىنى باسالماي قالدى.

ساۋاقداشلار سورۇن تەييارلىقىنى ھازىرلاپ بولۇپ، بۇلاقنىڭ بويىغا كېلىپ سۇغا تەڭگە تاشلاپ ئوينىدى، تاشلانغان تەڭگىلەر سۈپسۈزۈك سۇغا چاچراپ چۈشۈپ ئاستا - ئاستا چۆكەتتى ۋە كۈن نۇرىدا كۈمۈشتەك پارقىراپ ئاجايىپ چىرايلىق نۇر چاچاتتى. بۇلاقنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە چۈشۈپ بولغىچە خىلمۇ خىل شەكىلدە موللاق ئېتىپ ئاخىرى توختاپ قالاتتى ۋە قاراڭغۇ ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇراتتى. ساۋاقداشلار بۇ مەنزىرىنى خېلى ئۇزاق تاماشا قىلدى.

ئولتۇرۇش باشلاندى، ساۋاقداشلار سورۇننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ئالدىدىكى يەل - يېمىشلەرگە ئېغىز تەگكەچ قىزغىن پاراڭغا چۈشتى. ئەمەت قىزلارنىڭ ئارىسىدا مېھراينىڭ يوقلۇقىنى بايقاپ ئەتراپقا قارىدى، قىزنىڭ بۇلاق تۈۋىدە ئۆزىنىڭ شولىسىغا قاراپ خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ شۇنداق تەسىرلەندىكى، يۈرىكىنىڭ بىرا يەرلىرى كۆيۈپ ئېچىشىپ كەتكەندەك بولدى. يادىغا چۆچەكلەردە تەسۋىرلىنىدىغان گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق ھۆر - پەرىزاتلارنىڭ ۋە ساھىبجامال مەلىكىلەرنىڭ سىماسى كەلدى، بۇ سىما ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا چۆچەكخۇمارلىق دەۋرىدىن باشلاپلا پەيدا بولغانىدى، چۈشىگىمۇ پات - پات كىرىپ قالاتتى. ئەمدى ئۇ ئاشۇ غايىۋى سىمانى رېئاللىقتا كۆرگىنىدە ھاياجىنىنى ھەقىقەتەن باسالماي قالدى ھەم تۇيۇقسىز كېسەل تەگكەن ئادەمدەك ھالسىزلىنىپ، بوشىشىپ كەتتى. ئۇ ھېچكىمگە گەپ قىلمايتتى ھەم باشقىلارنىڭ پاراڭلىرىمۇ قۇلاق سالمايتتى، مېھراي تەرەپكە پات - پات قارايتتى، قاراپ تويمايتتى. ھەر قېتىم قارىغاندا بىر خىل يېڭى تۇيغۇغا كېلەتتى، يېڭى ئىستەكلەرگە چۆمەتتى، يېڭى ئازابقا تولاتتى.

مېھراي ئۇ يەردە ئۇزاق ئولتۇرمىدى، ئۇزۇن يېشىل كۆڭلىكىنى لەپىلدىتىپ، مەجنۇنتالدەك تەۋرىنىپ، قىزلارنىڭ يېنىغا كېلىپ خۇددى كېنىزەكلەر ئارىسىدا ئولتۇرغان مەلىكىدەك سىپايىقتا ئولتۇردى. ئەمەت ئۇنىڭدىن كۆزىنى دەرھال قاچۇرۇپ باشقىلارنىڭ كېپىنى ئاڭلاۋاتقاندەك قىياپەتتە ئولتۇردى. قولىغا ئېلىۋالغان گازىرنىمۇ چاقالماي قويۇپ قويدى. ئۇ ئۆزىگە نېمە بالا تەگكەنلىكىنى ئاڭقىرىپ بولغىچە ئاساۋ ئايغىردەك چاپچىپ تۇرىدىغان شوخ ھېسسىياتلار، نەۋقىرانلىققا خاس تەبىئىي تەلپۈنۈشلەر قىياندەك يامراپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ ئېڭىدىكى بارلىق كونا لاتقىلارنى ئېقىتىپ كەتتى.

ئولتۇرۇش تەدرىجىي قىزغىنلىق تۇردى. ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋالغان ياش ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىرگە ھاراق ئىچىپ ئازراق تەڭشىلىپ قالغان مۇئەللىم ئاۋۋال ئۆزى ئۇسسۇل ئويناپ، قىزلارنى تانسىغا تارتىپ ھەممەيلەننىڭ كەيپىياتىنى كۆتۈرۈۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئويۇن - تاماشىغا پىششىق كېلىدىغان «شەھەرلىكلەر» بىر - بىرىدىن ئۆتە شوخلۇق بىلەن سورۇننى قازاندىكى ئۇماچتەك قايناتقىلى تۇردى. يېزىدىن كەلگەن ئەمەتتەك ئوقۇغۇچىلاردىن بىر قانچىسىمۇ شەھەرلىكلەردىن بەكرەك مەدەنىيەتلىك چىقىپ كەتتى. پەقەت ئەمەتلا ھەممىگە ھاڭۋېقىپ ئولتۇراتتى. مېھراينى ھەممەيلەن دېگۈدەك تانسىغا تارتىپ ئوينىدى. قىز دېسكونىمۇ شۇنداق چىرايلىق ئوينىدىكى، ئەمەت ئۆزىنىڭ غايىۋى تەسەۋۋۇرىغا بېرىلىپ كېتىپ، قىزنىڭ مۇنداق غەيرىي كارامەتلىرى بارلىقىنى تېخى ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ گۈزەل تەسەۋۋۇرىنى يەنە گۇمران قىلىۋاتقان بۇ رېئال ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ ئۆزىنى تۇنجى قېتىم سىنىپقا كىرگەن چاغدىكىدەك بىچارە ھېس قىلدى. دەرسلا بىلگەن بىلەن كىشى ھەممىدىن بەك كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇشۇنداق كۆڭۈللۈك سورۇنلاردا ھېچنىمىنى ئۇقماي بىزدىرىپ ئولتۇرغىنىدىن ئوڭايسىزلاندى. مېھراينىڭ كۆندەك ئېچىلىپ كەتكەن جامالىغا، زىبا تۇرقىغا قاراپ يۈرىكى پۇچۇلاندى.

ئەمەت ئورنىدىن ئاستا قوپۇپ، قەدەملىرىنى ھالسىز يۆتكەپ بۇلاق بويىغا كەلدى ۋە ئازراق سۇ ئىچتى. مۈزدەك بۇلاق سۈيى ئۇنىڭ قىزىپ كەتكەن ئىچىنى بىر ئاز بېسىقتۇردى. ئۇ يۈزىنى يۇيۇپ سۇغا قاراپ بىر دەم ئولتۇردى. قەلبىنى قاماللاپ تۇرغان گۈزەل ھېسسىياتلىرى قايتىدىن پەيدا بولدى، تەسەۋۋۇرلىرى قايتا قوزغالدى. سەھرادەك خىلۋەت، گۈزەل، غايىۋى بولغان بۇ يەرگە سېلىشتۇرغاندا شەھەردەك قاينام - تاشقىنلىققا تولغان ئۇ سورۇننىڭ سەل چاكىنا، بەتبەشىرە، ھەتتا ئىپلاس، يىرگىنچلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئەمما ساۋاقداشلار، يەنە كېلىپ مېھرايمۇ شۇنىڭغا ئامراق ئىدى. بۇ ئىشلار ئەمەتنىڭ ئىرادىسىگە باقمايتتى. شۇڭا ئۇ ساماۋى خىياللارغا مىلىك چۆككەن بىلەنمۇ يەنىلا ئەمەلىيەتكە — ئالتاغىل ئاۋازلارغا، تېتىقسىز كۈلكىلەرگە تولغان ئاشۇ سورۇنغا قايتىشى كېرەك ئىدى.

ئەمەت بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئەسلىدىكى ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ ئۆزى ئۈچۈن بەكمۇ قولايسىز، ئوڭايسىز تۇيۇلۇۋاتقان بۇ سورۇننىڭ بالدۇرراق تاماملىنىشىنى كۈتۈپ باشقا خىياللارنى قىلىپ ئولتۇرغانىدا مېھراي ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ئەمەتجان، قوپ، تانسا ئوينايمىز.

— مەن ئۇقمايمەن.

— ئۇقمىساڭ ئۆگىتىپ قويىمەن.

ئۇ ئامالسىز ئورنىدىن تۇرۇپ، تىترەپ تۈگۈلۈپ بارغىنىچە قىزنىڭ ئىختىيارىغا بويسۇندى.

— نېمانچە ساغىرىپ كەتتىڭ، مىجەزىڭ يوقمۇ؟

— ھەئە.

— بېشىڭنى تىك تۇتۇپ ئوينا، قارا، قەدىمىڭنى مۇنداق ئالىسەن...

www.uyghurkitap.com

— ئەمەت قانچە ھاياجانلانغانسېرى شۇنچە ھودۇقۇشقا، قانچە ھودۇققانسېرى قەدەملىرى شۇنچە كالانپايلىشىشقا باشلىدى.

— تەمتىرىمە، قارا، مۇنداق ئاستا ئوينىساڭ بولىدۇ. بىر دەمدە ئۆگىنىۋالىسەن...

ئۇ قىزنىڭ دېگىنىدەك قىلدى. ئۆزىنى بار كۈچى بىلەن تىزگىنلىۋالدى، قەدىمى قىزنىڭ قەدىمى بىلەن ماسلىشىشقا باشلىدى.

— شەپكەڭنى ئېلىۋەتسەڭ بولمامدۇ؟

— چېچىمنى چۇشۇرۇۋېتىپتىكەنمەن.

— ماقۇل دەپ ئېلىۋېتە، ئىچىم بەك سىقىلىپ كەتتى.

ئۇ قىزنىڭ مۇلايىم گېپىدىن قەتئىي ئېرىپ، شەپكىسىنى سۆگەتنىڭ كاللىسىغا پىرقىرىتىپ چۆرىۋەتتى. قىز ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى ۋە خام قاپاقتەك بېشىنى كۆرۈپ، كۈلۈپ تېلىقىپ قالدى.

— نېمە بولدىڭىز؟ - دېدى ئەمەتمۇ ئاپتاپتەك ئېچىلىپ.

— ھېچنىمە، - دېدى قىز كۈلكىسىنى توختىتالماي.

— ئادەمنى يەنە زاڭلىق قىلغىلى تۇردىڭىز، - دېدى ئەمەت يېڭىتىنىگە نازلانغان قىز بالىدەك چىملىيىپ.

— مىس بېشىڭنى كۆرۈپ ئاسماندا يېڭى چىققان ئاينى كۆرگەندەك بولدۇم.

— مەنمۇ بايا بۇلاق تۈۋىدە جىندەك ئولتۇرغىنىڭىزنى كۆرۈپ ئاسماندىن چۈشكەن پەرىنى كۆرگەندەك بولدۇم.

— شۇنداقمۇ تېخى! ھا - ھا! يامان مىس باش جۇمۇسەن! - قىزنىڭ قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق كۈلكىلىرى ئۈزۈلمەيتتى، ئەمەتمۇ ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز قوشۇلۇپ كەتتى. بۇ كۈلكىلەر شۇنداق ساپ، شۇنداق سۆيۈملۈك ئىدىكى، ئەمەت ئۆمرىدە بۇنچىلىك قىن - قىنىغا پاتماي كۈلگەن ئەمەس، باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ قارىغان ئەمەس ئىدى.

— قايسى پەنگە ئايرىلماقچى بولۇۋاتىسەن، - دېدى قىز كۈلكىسىنى ئاران تەستە بېسىپ.

— تەبىئىي پەنگە.

— ئىجتىمائىي پەنگە ئايرىلساڭ بولمامدۇ؟

— يادلايدىغان نەرسىلەر بىلەن خۇشۇم يوق، سىزچۇ؟

— ئىجتىمائىي پەنگە ئايرىلايمىكىن دەيمەن.

— نېمىشقا؟

— تەبىئىي پەنلەردىن ئاساسىم ئاجىز تۇرسا.

— مەن ياردەم بېرىمەن ئەمەسمۇ!؟

— بولىدۇ، ھېلىمۇ كۆپ ياردەم بېرىپ كەلدىڭ، قىزىقمىغاندىكىن دېگىنە، مىڭ ئۆگەنسەممۇ بەربىر بىكاركەن.

— ئىجتىمائىي پەنگە ئايرىلسىڭىزمۇ يەنە ماتېماتىكا بار ئەمەسمۇ؟

— ئۇنىڭدا سەن ياردەم قىلارسەن، ئىمتىھاندا ئىشقىلىپ نۆل ئېلىپ قالمىسا بولىدۇ.

ئەمەت قىزنىڭ چىرايىدىكى كەسكىنلىك ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ ئۇنى ئۆزى بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇيدىغان قىلىپ كۆندۈرۈشكە، يوقىلاڭ ۋەدە بېرىپ ئەزۋەيلەپ كېتىشكە پېتىنالمىدى. ھېلىلا تېخى كۈلكىدىن يۇمۇلماي قالغان ئېغىزى مەھكەم يۇمۇلۇپ، قېلىن لەۋلىرىگە چىشى پاتتى. بايىلا تېخى ئوخچۇپ كەتكەن قانلىرىمۇ ۋۇجۇدىغا تارىغان بىر خىل سوغۇق ئېقىمدىن قېتىپ قال-

غاندەك بولدى. قىزنىڭ ئاپئاق قوللىرىنى تۇتقان ئالىقىنى تەرلەپ، ھاياجانلىق سېزىملارغا تولغان يۈرىكى ئېگىز-پەس سوقۇشقا باشلىدى. قىز ئۇنىڭ چىرايىدا مەيۈسلۈك ئىپادىلىرىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى، قولىنىڭ سەل-پەل تىترەپ ئۆزىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا قىزىقىش بىلەن تىكىلدى. بىراق ئەمەت بۇنىڭغا دىققەت قىلمىدى. ئۇنىڭ خىيالى ئۆزدە ئىدى. ئۇ تۇيۇقسىز ئۆز بويىنىڭ خېلى ئۆسۈپ قىزنىڭ بويى بىلەن ئاساسەن تەڭلىشىپ قالغانلىقىنى بايقاپ كۆپ خۇرسەن بولدى. ئەمدى چېچى ئۆسسە ئاتىسىنىڭ ئالدۇرۇۋەت دېگىنىگە ئۇنىماي چىرايلىق ياسىتىپ شەھەرلىكلەردەك پوچى يۈرۈشنى ئويلاپ قويدى. ئويلا-ئويلا ئۇنىڭ خىياللىرى بارغانچە ئاۋۇپ، كەلگۈسىدىكى غايە مەنزىللىرى تەسەۋۋۇرىدا روشەن ئايان بولدى. ئۇ خىيال سۈرسە ئەسلىدىكى قىياپىتىنى تېپىۋالغاندەك ئاجايىپ سالاپەتلىشىپ كېتەتتى. قىز ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ قاراپلا قالدى.

* *

شۇنداق قىلىپ ئەمەت مېھراينىڭ يولىنى توسالمىدى. قىز ئىجتىمائىي پەن سىنىپىغا چىقىپ كېتىش ئالدىدا ئەمەتكە ئادەمنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرۈدىغان شۇنداق بىر تاتلىق تەبەسسۇم ھەدىيە قىلدى. ئەمەتنىڭ ئىچى ئۇزاققىچە ئۆرتىنىپ يۈردى. شۇندىقتىمۇ ئۇ قىزنى كۈندە پات-پات كۆرۈپ تۇرالايتتى، قىزمۇ بەزىدە ئۇنى ئورتاق پەنلەردىن بىللە تەكرار قىلىشقا چاقىراتتى. تەكرار ئارىلىقىدا ئۇلار ئۆزلىرىگە يىراقتىن ھالقىش ناھايىتى تەس بولغان، ئېگىز تاغدەك كۆرۈنگەن چوڭ ئىمتىھان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار ئۈستىدە پاراڭلىشىپ تۇراتتى. ئەمەت قىزنىڭ پۈتكۈل ئەس-يادىنىڭ ئىمتىھان بىلەنلا قالغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن ئۆتۈش بولسا قىز ئۈچۈن يېتىش تەس بولغان، لېكىن يەتسە مەڭگۈ بەختلىك بولىدىغان ئىنتايىن چوڭ بىر ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بۇنى ئاۋۋال ئۆزى چوقۇم ئورۇنلاش كېرەكلىكىنى تەخىرسىز ھېس قىلدى. ئىشەنچ ۋە غۇرۇرى يەنىمۇ ئۆستى. دەرس باھانىسىدا قىزغا ئۆزىنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇش ۋە ئۇنى ئۆزىگە قارىتىش ئارزۇسىدا بولدى. بىر ياقتىن قىزنىڭ پارلاق سىماسى، بىر ياقتىن ئاتىسىنىڭ ۋەھىمىلىك قىياپىتى ئۇنى دەرستىن ئىبارەت بۇ پايانسىز دېڭىزغا غەۋۋاستەك شۇڭغۇپ كىرىشكە، ئۇنىڭ تېگىدىكى بىباھا گۆھەرلەرنى ئىلكىگە ئېلىشقا تىنىمسىز دەۋەت قىلاتتى. ئۇ شۇ دېڭىزدا لەيلەپ بىر مەۋسۇمنى ئاخىرلاشتۇردى. كاللىسى سانسىز ئۇقۇم، سانسىز چۈشەنچە، سانسىز تېرمىنلار بىلەن تولدى. كۆڭلىگە كەچكەن شېرىن خىياللار ئىمتىھان ۋەھىمىسى بىلەن ئۇجۇقتۇرۇلدى.

يېڭى يىل ھارپىسىدا مېھراي ئەمەتكە بىر ئاتكىرىتكا سوۋغا قىلدى. ئۇنىڭدا مۇنداق بىر كۇپلېت شېئىر بار ئىدى:

شۇڭقارلار يېتىدۇ كۆكنىڭ قەرىگە،
لەگلەكلەر ئۇچىدۇ ئاسمان پەلەككە.
بەھۇدە خىيالنىڭ يىپىنى تارتىپ،
تىرىشىپ ئۆگەنگىن، يەتكىن مەقسەتكە.

ئەمەتكە مېھراي ئىلگىرى بۇنداق ئاتكىرىتكا سوۋغا قىلىپ باقمىغاچقا ئەمەت بەك خۇشال بولدى. شېئىرنىڭ

ئاستىغا «قەدىرلىك ساۋاقدىشىم ئەمەتجان، يېڭى يىلىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن!» دېگەن خەتلەر چىرايلىق يېزىلغانىدى. ئۇ ئاتكىرىتكىدىكى رەسىمگە قارىۋىدى، ئوت رەڭلىك قۇياشقا يۈزلىنىپ تۇرغان بىر قىزنىڭ ئارقا تەرىپى كۆرۈندى. قىزنىڭ ئالدىدا ناھايىتى چەكسىز كەتكەن بىر دېڭىز - ئوكيان كۆك نۇرىنىڭ قىزغۇچ شولىسىدا جىمىرلاپ تۇراتتى. ئەمەت ئۇنىڭدىن ئۆزىگە بەختنىڭ بېشارەت بېرىدىغان بىرەر ئالامەتنى تاپماقچى بولدى. قىزدىن تۇرغان قۇياش ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتامدۇ ياكى زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتامدۇ؟ قىزنىڭ تەنھالىقى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ ئۇ بۇنى مېھرايىنىڭ ئۆزىدىن سوراپ باقماقچى بولدى. لېكىن ئاتكىرىتكىدىكى «بىھۇدە خىياللىڭ يىپىنى تارتىڭ» دېگەن گەپتىن ئەيمىنىپ قالدى. ئۇ دەرھال بازارغا چىقىپ تاللاپ يۈرۈپ ئۆزىگە ياققۇدەك بىر ئاتكىرىتكا تاپتى. ئۇنىڭدا بىر قىز بىلەن بىر ئوغۇلنىڭ گۈللۈك ئارىسىدا قول تۇتۇشۇپ تۇرغان سۈرىتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ چېھرىدىن بەخت نۇرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. لېكىن بۇنى مېھرايغا بەرسە ئۇ قانداق ئويلاپ قالار؟ ئەگەر راستتىنلا شۇنداق ئويلايدىغان بولسا ئەمەت ئۇ قىزغا ئىككىنچى قارىيالماس بولۇپ قالىدۇ، قىزمۇ ئەمەتتىن قاچىدۇ. لېكىن بۇ بەرىبىر ئاتكىرىتكا ئەمەسمۇ؟ لېكىن ... ئۇ ئىككىلىنىپ ئۇنى ئاخىرى قويۇپ قويدى ۋە ئۇزاق تاللاش ئارقىلىق ئاخىرى بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئىككى مۈشۈكنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن بىر ئاتكىرىتكىنى تاللاپ، ئۇنىڭدىن كۆپ قۇسۇر تاپمايلا پۇلىنى تۆلەپ يانچۇقىغا سالدى. سىنىپىغا بېرىپ ئۆنىڭغا مېھرايغا بېغىشلاپ، قانداق نەرسە يېزىش كېرەكلىكى ئۈستىدە ئۇزاق ئويلاندى. ئۇنى دېسىمۇ، بۇنى دېسىمۇ زادىلا قاملاشمايدىغاندەك تۇيۇلدى. شېئىر يازاي دېسە دورىغاندەك بولۇپ قالار، باشقىلارغا ئوخشاش «يېڭى يىلدا يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىڭىزنى تىلەيمەن» دەپ يازسا ئادەتتىكىچە بولۇپ قالار. «سۆيۈملۈك ساۋاقدىشىم مېھراي، يېڭى يىلىڭىزنى قۇتلۇقلايمەن» دېسىچۇ؟ بۇمۇ مېھرايغا تولۇمدىن توقماق چىققاندەك بىلىنەر ... ئۇنىڭ بېشى قېتىپ كەتتى، ئاخىرى ئىككى مۈشۈكنىڭ رەسىمىگە قاراپ ئۇنىڭغا قىياسەن دوست دېگەن ئۇقۇمنى يادىغا كەلتۈردى ۋە مېھرايىنىڭ نېمە دەپ ئويلىشىدىن قەتئىينەزەر «دوستۇم مېھراي، يېڭى يىلىڭىز قۇتلۇق بولسۇن» دەپ يېزىش قارارىغا كەلدى. تېگىگە «دوستىڭىز ئەمەتجاندىن» دەپ يېزىپ بولۇپ، دوست دېگەن سۆزنىڭ تولا تەكرارلىنىپ كېتىپ قىزغا باشقىچە تەسىر بېرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ مېھرايىنىڭ بېشىدىكى دوستۇم دېگەننى ئۆچۈرۈۋەتتى. بىراق بۇ چاغدا مېھراي دېگەن ئىسىم سۈپەتسىز قېلىپ، ئۇنىڭغا بىر خىل تۈپتۈز، قوپال تۇيۇلدى. مېھراي كۆرسىمۇ شۇنداق تۇيغۇغا كېلىشى چوقۇم ئىدى. ئۇ يەنىلا «ساۋاقداش مېھراي» دەپ يېزىشنى لايىق كۆردى. تېگىدە «دوستىڭىز ئەمەتجاندىن» دەپ بولغاندىكىن قىز توغرا چۈشىنىدۇ، بىر نېمە دېسە ئەمەت قورقماي تۇرۇپ «سىزنى مەن دوستۇم دەپ ھېسابلايمەن» دەيدۇ. بىزنىڭ ئەمدى ھېچقانداق ئەجەبلەنگۈدەك يېرى يوق. ئۇ بىر مۇۋاپىق ۋاقىتنى تېپىپ قىزغا ئاتكىرىتكىنى قورۇنۇپ تۇرۇپ سۇندى.

قىز ئۇ-ئۇ ئويلىمىغان قىياپەتتە شادلىنىپ ئۇنى قولىغا ئالدى، ئەمەت كەينىگە ئۆرۈلۈپلا سىنىپقا كىرىپ كەتتى. ئەتىسى قىز ئۇنى بىللە تەكرار قىلىشقا چاقىردى. تەكرار ئارىلىقىدا ئاتكىرىتكىنىڭ گېپىنى تويۇقسىز چىقىرىپ ئۇنى ئىزتىراپقا سالدى:

— ئاتكىرىتكاڭنى كۆردۈم، دەيدىغان گېپىڭ شۇمىدى؟

ئەمەت يېنىك تىندى، قىز ئۇ-ئۇ ئويلىمىغان تەرزدە سۆزلەۋاتاتتى.

— ئۇنىڭدا تېخى بىر - بىرىگە قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان ئىككى سېرىق ئاسلان بار ئىكەن، ئۇنىڭ بىرىسى سەن، يەنە بىرسى كىم؟

— مەن مۈشۈككە ئامراق، ئۇنى نېمىشقا بىر كىمگە ئوخشىتىپ يۈرۈيسىز؟

— مېنى دوستۇم دەپ بىلگىنىڭگە قارىغاندا ئۇ ئىككى مۈشۈكنىڭ بىرسى سەن بولساڭ بىرسى مەن بولىمەن، سەن مېنى ئۆزۈڭدەك سېرىق ئاسلان كۆرۈۋاتامسەن نېمە؟...، - قىز بۇ گەپلەرنى كۈلۈپ تۇرۇپ دەۋاتسىمۇ ئەمەت ئۆزىنىڭ ھەيرانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن پۇشايمانلىرىنى يوشۇرالمىدى:

— ئۇ دېگەن ئاتكىرىتكا تۇرسا ...

— شۇنداق، ئاتكىرىتكا، لېكىن ئۇنىڭغا ئاز - تولا مەنە يوشۇرۇنغان بولىدۇ. سەن مىس باشنىڭ بۇنى بىلمەي قېلىشىغا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. دەپ باقە، مېنىڭ ئاتكىرىتكامدىن نېمىنى چۈشەندىڭ؟

ئەمەت سۆزلەيدىغان پۇرسەتنىڭ ئەمدى كەلگەنلىكىنى دەرھال ھېس قىلدى، لېكىن دەماللىققا نېمە دېيىشىنى بىلەلمىدى. دېگەن بىلەنمۇ توساتتىن چايدۇرۇپ قويۇشتىن قورقتى. ئاخىرى بول-



ماي ئاتكىرىتكا دېگەن نەرسىلەر بىلەن بۇرۇندىنلا تونۇش ئىكەنلىكىنى، شۇڭا بۇ ئاتكىرىتكىنىمۇ ياخشى تاللىيالمىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى.

— سەن تومپايغۇ زادى ھېچنېمىنى چۈشەنمەيسەن، - قىزنىڭ بىر خىل ئېچىنىش تەلەپپۇزىدىن ئەمەت سەل چۆچىدى، خىيالى بىردىنلا قانات قاقتى، ئىچىدىكىنى ئىختىيارسىز دەۋەتتى:

— ئاتكىرىتكىدىكى قۇياش كەچقۇرۇندىكى قۇياشمۇ ياكى ئەتىگەندىكى قۇياشمۇ؟ ئۇ يەردىكى قىز نېمىشقا يالغۇز؟

قىز ئۇنىڭ بۇ تويۇقسىز سوئالىدىن ۋە يالتىراپ كەتكەن كۆزلىرىدىن ھەيران بولۇپ ئەگىم قاشلىرى سەكرەپ كەتتى، كىرپىكلىرى كۈلكىدىن جۈپلىشىپ، لەۋلىرى كېۋەز غوزىسىدەك ئېچىلدى:

(ئاخىرى 49 - بەتتە)



# يىرگىنىش

(ھېكايە)

ئالىم ئابدۇۋەلى

مۇشۇ كۈنلەردە يەۋاتقانلىرىم تائامدەكمۇ تېتىمايدۇ، ئىچىۋاتقانلىرىم يۇندىمىكىن دەپ گۇمانلىنىمەن. بەلكىم، شۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن.

«پىشىپ مۇددىتى ئۆتۈپ كەتكەن پەمىدۇردەك قىزىل ئەمما سولغۇن لەۋ؛ شۇنچە سىلكىنىش يۈز بېرىپ تۇرسىمۇ كۆتۈرۈلگەن كۆكسىنى تارتىپ تۇرغان باغىرداق ئۈستىگە يەنىلا تاشلىنىدىغان ئالتۇنرەڭ چاچلار. ئۆسكىلەڭ تىرناقلار تەسىرىدە ئالاھىدە ئىنچىكە تەسىر بېرىدىغان بارماقلاردىن چۈشۈپ كېتىدىغاندەكلا ئەنسىزلىك پەيدا قىلىدىغان مىكروفون... تولغىنىۋاتقان بەل؛ رەڭگا رەڭ نۇرلار تەسىرىدە تىترەشلىرىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايدىغان، قارىغانسېرى كۆزنى ئالغۇسى كەلمەيدىغان قاملاشقان ساغرا...»

ئەجەب شېرىن خىياللارنى سۈردۈمھە!... ئىشىنىمەنكى بۇ ھەرگىزمۇ بىمەنىلىك ئەمەس. ئۇنداق بولىدىكەن، تۈنۈگۈن ئاخشامقى باشلىقنى چەت ئەلگە ئۇزىتىپ قويۇش يۈزىسىدىن رېستوراندا ئۆتكۈزۈلگەن بەزمە—ۋاقىتنى بىھۇدە ئۆتكۈزگەنلىك بولىدۇ. نېمىشقىلىقىنى سورىماڭ: «سىلەر مېنى بەكمۇ ياخشى ئۇزاتتىڭلار. بۈگۈن قانغۇچە ئىچىدىغان كۈن. سىلەرنىڭ ماڭا بولغان ھۆرمەت - ساداقىتىڭلارنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايمەن...» باشلىقىمىز شۇنچە ئادەملەر ئالدىدا بالىلارچە ھۆكرەپ يىغلاپ كەتكەنىدى. ئەمدى بىلگەنسىز، سىز بۇنىڭغا ئەسلا ئىشەنمەيسىز.

باشلىقنىڭ كاساپىتى، ياق، باشقىلاردىن ئاغرىنىشنىڭ ئۆزى چېكىدىن ئاشقان بىمەنىلىك. كىم مېنى ئۆز-ئۆزۈمنى تونۇيالمىغۇدەك دەرىجىدە ئىچسۇن دەپتۇ؟ بېشىم قېيىپ، كۆڭلۈم ئاينىغانلىقتىن خوتۇنغا سۆيۈۋقاش ئېتىشنى ئىلتىماس قىلدىم.

— سەن ھاراق ئىچسەڭ جاپاسىنى مەن تارتىدىكەنمەن، قاملاشمىغان. ئەمدى يەنە ئىچسەڭ سەندىن خېتىمنى ئالىمەن...

بىر ھازا خوتۇنىنىڭ كوتۇلداشلىرى، پىچاقنىڭ توكۇلداشلىرىدىن كېيىن ماڭا قايتىدىن «جان» ئاتا قىلغۇچ مەلھەم ئالدىمغا ھازىرلاندى.

ئاشنىڭ سۈيى تولىمۇ مەززىلىك، ئەمما، چۆپى بەتتام ئىدى. بۇرنۇمنىڭ ئۇچىدىكى تەرلەرنى سۈرتۈپ، ئەركىن بىر تىنىۋالدىم. بۇنداق سېزىم مەندە مۇشۇنداق كۈنلەردە دائىم يۈز بېرىپ تۇراتتى...

— ئەمدى ئىچمەيمەن.

— ئاشنىمۇ ياكى ھاراقنى؟ — سورىدى ئايالىم چۈشىنىكسىز بىر ھالەتتە.

— ھاراقنى، — دېدىم زەردە بىلەن، — ئاش-تاماق ئىچمىسەم ئۆلمەمدىم؟

— رەھمەت ساڭا، ئەمدى ئەقىلگىنى تاپقاندەك قىلىسەن.

كەچ كىرىسىلا چىراغنى ياقماي ئامال يوق. چىراغنى ياندۇرۇپ ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىش، تېلېۋىزور كۆرۈش، يوق ئىشلارنى دەپ گەپ تالىشىشلار بىزنىڭ ئۈچ ۋاخ تاماقىمىزدەكلا بىر ئىش.

خېلى ئەسنادىن كېيىن ئايالىم تېلېۋىزورنى ئۆچۈردى. كېچىنىڭ سوغۇق جىمجىتلىقى باشلىنىش ئالدىدا ئايالىمنىڭ ئېغىر تەنلىرىنى كۆتۈرۈشتىن زېرىككەندەك كارىۋات ئىچىنىشلىق غىچىرلاپ، جىمىپ قالدى. خۇداغا مىڭ رەھمەت، ماقالەمنى ياخشى يېزىش ئۈچۈن ئېھتىياجلىق بولغان جىمجىتلىققا ئاخىرى ئېرىشتىم.

«ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، مەنمۇ خۇددى ئۆزۈمگە ئوخشاش سالاھىيەت بىلەن تۇرمۇش ھەققىدىكى تەسىراتىمنى قانچىلىك ئىزھار قىلالايدىغانلىقىمنى پەرەز قىلالمايمەن. شۇ تاپتا ئاجايىپ بىر ھالەتتىمەن؛ خۇددى سىلەر كۆرۈپ تۇرغاندەك ئورۇندۇقتا ئولتۇرىمەن، بۇ ھېچقانچە چوڭ ئىش ئەمەس. ھالبۇكى، مەن ئەتىگەندە ئۆيدىن چىققاندا، قاپاققا سىزغان رەسىمدەك پەرداز بىلەن تويغا كېتىۋاتقاندا، سالاپەتلىك باشلىق ئالدىدا ئەيمىنىپ تۇرغان دەمدە ئولتۇرۇشنى ئويلاشقىمۇ ئۈلگۈرمەي قالىدىكەنمەن. بۇنى قانداق چۈشەندۈرگۈلۈك؟ ئىززەت - ھۆرمىتىم بىلەن ئولتۇرۇشنى ياخشى نەتىجە دەپ قاراشقا ھەقلىقمەن. شۇنداق، مەن ئويلايمەنكى، ھەقىقىي مۇشكۇلات نېمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تېپىش ئەمەس، بەلكى، ئۆز ئۆيۈمدە بولسىمۇ ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن ئولتۇرۇشقا نائىل بولۇش...»

ئەيمىنىپ ئايالىمغا قارىدىم.

— ئۇخلىيالماي ۋاتقان ئوخشىمامسەن، خوتۇن؟ — خۇشامەت تەلەپپۇزىدا گەپ قىلمىسام ئاچچىقلىنىشى تۇرغانلا گەپ، ئۇنىڭ گازىر كۆزلىرى بىزنىڭ باشلىقنىڭ مۇز يىغىپ تۇرغان سوغۇق، نۇرسىز كۆزلىرىگە ئوخشايتتى. مەن كۆپىنچە ئايالىم بىلەن باشلىقىم «توغقان» بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالاتتىم. شۇڭلاشقىمىكىن، بىر قېتىم باشلىقتىن ھاجەتخانىدا: «سىيىگىلى كىرگەن ئوخشىماملا، جانابلىرى» دەپ سورىغانىدىم. ئېسىمدىن ھەرگىز چىقمايدۇ، باشلىق شۇ كۈنى شۇنچە يىللاردىن بېرى تۇنجى قېتىم ماڭا رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرىگەنىدى...

— بىردىن باشلاپ مىڭغىچە ساناۋاتىمەن، — ئۇ كۆزلىرىنى ئالماستىن جا-

ۋاب بەردى،- قاملاشمىغان نەرسىلەرنى يازىمەن دەپ يۈرمەي ئىسسىق قويىنۇمغا كىرىپ ياتقىنچۇ، ھاماقەت. ئوت ئۆچۈپ قالىدۇ، توڭۇپ قالىمەن.

— باش ئۈستىگە، خوتۇن. ھازىرلا يېزىپ بولىمەن...

سول كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇنىڭغا سەزدۈرمەستىن قارىدىم.

«توقسان توققۇز، يۈز... بىر، ئىككى...» ئۇ بىر سارالڭ، ئۇنىڭ ئېغىزى تىنىمسىز قىمىرلايتتى...

مەشتە ئوت كۆيۈۋاتىدۇ، ئۇنىڭدىن ئىللىق بىر مېھىر يۈرىكىمگە ئېقىپ كىرمەكتە. مەشتىن ئاجايىپ ئاۋاز يامراۋاتىدۇ، خۇددى ماڭا: «كەل، مەنمۇ سەندەك قىسمەتتىمەن، خالىساڭ بىللە ئۆلەيلى...» دەۋاتقاندەك. ئۆزۈمنى قاچۇردۇم. «چىك... چىك... چىك» نېمە دېگەن زېرىكىشلىك! تېلېۋىزور ئۈستىدىكى سائەتمۇ ئىتتەك قاۋايدىكەنغۇ؟ ئىشخانىدىمۇ بىرسى باردەك قىلغان... ئۇنداق قىلما، ئۇنداق قىلما! مەن سېنى ئاجايىپ قىممەتلىرىمنىڭ يارىلىشى ئۈچۈنلا ياتىي كۈچ بېرىدۇ، دەپ ئويلىغان، ئەسلىدە...

بىر نەچچە قۇر يۈرۈپلا ھارغان قەلەمنى ئاق قەغەز ئۈستىگە يەنە تاشلىدىم. ئالدىمدىكى كىتابىمنىڭ ئېچىقلىق بېتىدىكى «چۈش» ناملىق شېئىرنى ئوقۇشقا باشلىدىم. «نېمە ئۈچۈن شۇم خەۋەرگە قىلدىڭ خېرىدار...؟» ھەي، چۈشنىمۇ سوراقلىغان بارمۇ؟ مەنمۇ بىر چاغلاردا سوراقلاشقا بەك ئۇستا ئىدىم. نېمە دېگەنىدىم، قان رەڭگىدىكى ئۇپۇقنى بۆسۈپ ئۆتكەن ئوقيانىڭ ئۇچىدا چېچەكلىگەن «چۈش» مۇ سەن، ياكى ئاياللارنىڭ يېشىدىن قالغان ئېشىنچىمۇ، دېگەنىدىمغۇ، راست؟!

يوچۇن بىر يولغا ئەمدىلا قەدەم ئېلىشىمغىلا قورقۇنچلۇق بىر ياۋا توڭگۇز قوغلاشقا باشلىدى، يۈرىكىم بوغۇزۇمغا قاپلىشىپ قالغاندەك بەكمۇ تەستە نەپەس ئالاتتىم. قانچە تېز قېچىشقا تەمشەلگەنسېرىم پۇتلىرىم شۇنچە جانسىز، كارغا كەلمەيۋاتاتتى، توساتتىن بەكمۇ ئېگىزدىن ناھايىتى چوڭقۇر بىر ھاڭغا چۈشۈپ كەتتىم. بەدەنلىرىم چىلىق ھۆل، تېخىچە ھاڭنىڭ تېگىگە ئېغىر بەدەنلىرىم تاشلىنىپ، مىجىلىپ جېنىم چىقمىغانىدى... بىردىنلا بۇلارنىڭ چۈشۈم بولۇپ قېلىشىنى، مېنىڭ ساق قېلىشىمنى تىلىدىم...

ھېلىقى كىتابقا ئېغىز - بۇرنۇم چاپلىشىپ، «چۈش» ناملىق شېئىر يېزىلغان بەت شالىلىرىمدا نەمدىلىپ كۆرۈمسىز بولۇپ كېتىپتۇ. ئېچىشىۋاتقان كۆزلىرىمنى ئالىقانلىرىم بىلەن سۈرتتۈم. مەشتىكى ئوت ئۆچۈپ قاپتۇ. نېمىشقىدۇر، تېلېۋىزور ئۈستىدىكى سائەت تولىمۇ سۆيۈملۈك كۆرۈندى...

بەدەنلىرىم تىترەشتىن توختىمىدى يوق. شۇ تاپتا كېچە ئىلكىدىكى كوچىلارنى تۇمان ۋە سوغۇق قاپلاپ كەتكەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. ئۆيمۇ سوۋۇشقا باشلاپتۇ... ئەمما، مەن سوغۇقتىن ئەمەس، قورقۇشتىن تىترەۋاتىمەن. بەلكىم، بۇ بىر بىمەنە تۇيغۇدۇ... بىراق، موھتاجلىق، بىچارىلىك، ئازاب دېگەنلەرنى مەن تولۇق ھېس قىلالمىغاچقا ئۆزۈمنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى بىلەلمەيدىغاندۇرمەن. شۇنداق، ھەر كۈنى كوچىدا كېتىۋېتىپمۇ ھېچ كىمنى تونۇيالمايمەن— ئېگىز بىنالار، تاكسىلار، چىراغلار، مەنلا قاراڭغۇ شەھەر قوينىغا سىڭىپ كەتكەندەك... ئەسلىدە، يا شە-

ھەر ماڭا ناتونۇش ۋە ياكى مەن شەھەرگە ناتونۇش. چوقۇم شۇنداق. بۇلارنى خىيال قىلىش چىدىغۇسىز ئازاب... شۇ تاپتا ماڭا ئازاب يېغىۋاتىدۇ. مەن بۇلاردىن قورقىمەن... ياق... ياق... ياق... نېمىشقا قورقاتتىم؟ چۈنكى، تۈنۈگۈن ياكى بۈگۈن بولسا كېرەك، بىر دوستۇمنىڭ ياتاق تاملىرىغا چاپلانغان قەغەز ئۈستىگە ئالدىراش يېزىلغان مۇنداق بىر ھېكمەتنى ئوقۇغاندەك قىلىۋېدىم: «ئازاب چېكىشتىن قورقساڭ، قورقۇشتىن ئازاب چېكىسەن ئەبەدىي...» توغرا، ئەمدى ئازاب چېكىشتىن قورقمايمەن. ئېنىقراقى، ھەممىدىن قورقمايمەن. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆزۈمنى ئۆلمەيدىغاندەك ھېس قىلىپ يۈرۈپتىمەن. مەن ئۆلىدىغان ئادەم، تۇغۇلۇشتىنلا بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئېغىر ئازاب بولغان ئۆلۈمنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالالىغان ئەزىمەت تۇرۇقلۇق يەنە نېمىدىن قورقىمەن...؟!

ئۆزۈمنى بىر خىل ھاياجان ئىلكىدە ھېس قىلىۋاتىمەن. بىز ئۇ دۇنياغا بارمىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئائىلىنى راھەت - پاراغەتنىڭ ماكانى دەپ ھۆكۈم قىلساق، ھەممىمىز ئوخشاشلا ھايۋان، بۇنىسى شەك - شۈبھىسىز...

خىيالىم توختايدىغاندەك ئەمەس. خوتۇن بىردىن باشلاپ مىڭغىچە بىر قانچە قېتىم سانىغان بولسا كېرەك، ھەر ھالدا ئۇخلاپ قاپتۇ. خىيال دېگەن ئاجايىپ شېرىن نەرسە، ئۆزۈڭچە ھۆكۈم چىقىرىسەن، پەيلاسوپلاردەك دۇنياغا سۆزلەيسەن...

— ھەي، خوتۇن، - ئايالىمنى نوقۇپ ئويغاتتىم ۋە يەنە يېزىق ئۈستىلىمگە قايتتىم، ئۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن ئىڭراپ، سوزۇلۇپ سائىتىگە قاراپ ھەيران بولدى:

— سائەت ئالتە بوپتۇ. تېخىچە ئۇخ-

لىمىدىڭمۇ، خىيالىپۇرۇچ. كېچىچە ئويلاپ تاپقانلىرىڭ ماڭا ئېيتماقچى بولغان تېتىقسىز گەپلەرغۇ ھە قاچان؟

— سەن ۋە مەن ھايۋان، بۇنىسى شەك - شۈبھىسىز!

— توخۇ پوق يېمەستە نېمىلەرنى جۆيلىۋاتىدۇ ماۋۇ بېشىنى يەيدىغان... «قاس» قىلىپ تەگكەن شاپىلاقتىن تېڭىرقاپلا قالدىم. نېمە دېگەن ئۇزۇن قول بۇ...؟

بۇ ئىشقا ئەمدى نېمە دېگۈلۈك؟ قوللىرىغا ئالتۇن ئۈزۈكنى قوش - قوشلاپ سېلىپ قويمىغان بولسام مېتال تاختىدەك قاتتىق تەگمەس ئىدى. ئۇنىڭ قوللىرى مەگزىمگە... مېنىڭچە بۇلار ماڭا ھەق...

— ئەجەب ۋاپاسىزلىق قىلىدىڭغۇ، خوتۇن؟ - كۆزلىرىمدە تەۋرەۋاتقان سۇيۇقلۇقلارنى سۈرتمەستىن ھاراق ئىشكاپىغا يېقىنلاشتىم، - ھاراقنى يەنە نەگە يوشۇردۇڭ؟

— سېنىڭ يىرگىنچلىك خىيالىڭغا...! - ئۇ يوتقاننى تېپىپ يەرگە چۆردۈۋەتكەن ئوخشايدۇ... ئەمدى يېزىق ئۈستىلىمنى ئۆردۈۋەتتىغۇ - نېمە؟ ھاراق نەدىدۇ، ئاناڭنى...!

ئۇ ۋارقىرايتتى... ۋارقىرايتتى... ئامال يوقتە!

بۈگۈن سەھەرمۇ ئىشىكتىن چىقىپ ھەيران قالدىم.

يوللار ئېگىز - پەس بولغاچقا كىشىلەر تۈزلىك ئىزدەپ، يوللاردا يېڭى يېزىق ھەرپىنى يېزىشىپ كېتىۋاتسا كېرەك. توغرا، كېچىدىن يەر تەۋرەپ، ھەممە جاي ئېگىز - پەس بولۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئاۋايلاپ يۈرەي، يىقىلىپ چۈشسەم چىرايىمغا يەنە بىر تاتۇق كۆپەيمىسۇن - يەنە...! ئەگەر ئۆي راستىنلا مۇشۇنداق جاي بولسا، مەن مىڭ قېتىملاپ كېتىشكە رازى... ئەمما، كەچتە...

ھەبىبە مۇھەممەتئەيسا

# سەيدەك

( ھېكايە )

كاتىپىم ئوڭايسىزلانغان ھالدا ئىشخانامغا كىرىپ كەلدى.

— ھاكىم، سەيدەك يەنە كەپتۇ، پەقەت كەتكۈزۈۋېتەلمىدىم، ھاكىم بىلەن كۆرۈشمىسەم كەتمەيمەن دەپ ئىشخانىنىڭ ئالدىدا چازا قۇرۇپ ئولتۇرىدۇ.

— ھاكىمنىڭ جىددىي ئىشى بار ئىكەن، باشقا كۈنى كەلسۇن دەيدۇ، دەپ كەتكۈزۈۋېتىڭ، — دېدىم ئارامسىزلىنىپ.

مەن بۇ ئادەمدىن راستىلا قورقىمەن. ئۇنىڭغا ئوخشاش ئادەمنى بۇرۇن پەقەت يولۇقتۇرۇپ باقمىغانىدىم، ئىختىيارسىز بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرىكى بىر ئىشنى ئەسلەپ قالدىم.

ماشىنىدىن چۈشۈپ تۇرۇشۇمغا بىرسى چاقىردى.

— ھاكىم، پۇقرانىڭ گېپىنى ئاڭلامسىز - ئاڭلىمامسىز؟

قارىسام ئالدىمدا ئورۇق، ئوتتۇرا بوي بىر كىشى تۇراتتى. ئۇچىسىغا كىيىۋالغان يەكتىكىنىڭ رەڭگىنى بىلگىلى بولمايتتى. بېشىدىكى تەلپەكنىڭ تۈكلىرى ئاساسەن دېگۈدەك چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، تەلپەك تېشىدىكى چىبەرقۇت رەختمۇ تىكىشىدىن سۆكۈلۈپ كەتكەنىدى.

مەن ئېغىز ئاچماستىلا شوپۇر ئۇنىڭدىن سورىدى:

— نېمە ئادەمسىز؟ گېپىڭىز بولسا چىرايلىق ئىشخانىغا كىرىپ، ھاكىمنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ ئاندىن ئېيتمامسىز؟

— نېمە؟! مەن نەچچە رەت كەلدىم. بىراق مېنى كىرگۈزۈشمىدىغۇ؟

مەن ئارتۇقچە سۆز قىلىشنى بىلمەي ھېس قىلىپ ئۇنى ئېلىپ ئىشخانامغا كىردىم.

— قېنى كىرسىلە، سافادا ئولتۇرسىلا!

— بولدى، ھاكىم، ئولتۇرسام مەينەت قىلىپ قويىمەن.

— ھېچقىسى يوق.

ئۇ بىر ھازا ئىككىلىنىپ ئاندىن سافانىڭ ماڭا يېقىن تەرىپىگە كېلىپ ئولتۇردى.

مەن ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى سورىدىم.

— ھاكىم ئالدىرىمىسىلا، بىر - بىرلەپ سۆزلەي، - دېدى. بۇ ئۇنىڭ مېنى «گېپىمنىڭ بېلىگە تەپمە» دېگىنىدەك قىلاتتى.

— مەن قارادۆڭ يېزىسىدا ئولتۇرىمەن. ئەسلى شەھەرنىڭ كىندىكىدىن، چوڭ ئۆستەڭنىڭ بويىدىن ئىدىم. ئىسمىم سەيدەك، ھە راست، ئىمام ئاخۇنۇم «سەيدى ئاخۇن» دەپمۇ چاقىرىدۇ. ئىشقىلىپ مەھەللىدە چوڭ - كىچىكھەممىسى «سەيدەك» دەيدۇ. ئۆزۈممۇ شۇنىڭغا كۆندۈك. ئەمدى كېلىش سەۋەبىمگە كەلسەك، بىرىنچىدىن ، مېنىڭ ئانامنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيى ئەسلى چوڭ كۆۋرۈكنىڭ يېنىدا ئىكەن. ئانام ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا شۇنداق دېدى، ھۆكۈمەت گەپ قىلماي بىزنىڭ يەرگە

دورا شىركىتى سېلىۋاپتىكەن. ئەمدى
شۇ يېرىمنى قايتۇرۇپ بېرەلمىگەن دەي-
مەن، بىر قوشنام شۇنداق يول كۆرسى-
تىپ بەردى.

— ئۇ يەرگە دورا شىركىتى سالغىنى-
غا ئۇزۇن يىللار بولدىغۇ؟

— ھە، ئوتتۇز يىل بولدى. بىنانى ئىك-
كى قېتىم ئۆرۈپ سېلىپمۇ بولدى.

— ئۇنداقتا؟

— ھەي، توختىسىلا، ھەممىنى دەپ بولاي!

مەن گەپ قىلماي ئولتۇرۇشقا مەج-
بۇر بولدۇم.

— ئىككىنچىدىن، مۇشۇ، ھازىر بىز
ئىچىدىغان سۇ چوڭ ئۆستەڭدىن ئېقىپ
كېلىدۇ. بىراق يېقىنقى بىر - ئىككى
يىلدىن بېرى سۇنىڭ ئورنىدا پوق -
سۈيدۈك، يۇندى، ئەخلەت ئېقىپ كېلى-
ۋاتىدۇ. دېسەم ئىشەنمەيلا، بىر قېتىم
ئاخشىمى سۇ ئەكىرگەنىدىم، يېرىم چې-
لەك تۈگىگەندە قارىسام چېلەكتە يوغان
ئىنجاسەت لەيلەپ تۇرۇپتۇ. ئاچچىقىمغا
پايلىماي ئۆستەڭ بېشىغا بېرىپ شۇ
يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاغزىمنى
بۇزۇپ تازا تىللىدىم. ھەممىسى بىر
ھازا جىمىپ كەتتى. ئەمدى، رەسمىي
گەپنى باشلاپ قارا - يامغۇر تىللاۋاتسام
بىر قېرى خوتۇن ئالدىمغا كەپتۇ، نېمە
دېدى دېسىلە؟ «ھەي، يەپ چىقارمايدى-
غان ئىش نەدە بار؟ يۇندا، ئەخلەت -
سۈپۈندە چىقمايدىغان ئۆي نەدە بار؟»
دەيدۇ. مەن «سىلىدىن بۇنى سورىمىدىم»
دېسەم، «ئەمىسە بۇ ئەتراپتا ئەخلەت،
يۇندى تۆكىدىغان يەر بولمىسا، يولغا
تۆكسەك جەرىمانە ئالسا، كېچىسى ئۆس-
تەڭگە تۆكمەي نەگە تۆكىمىز؟ بۇ ‹يەڭ،
چىقارماڭ› دېگەنلىك ئەمەسمۇ؟» دەيدۇ.
زۇۋانىم ئېتىلىپ قايتىپ كەتتىم. راست
ئەمەسمۇ؟ شۇڭا ھۆكۈمەت بۇنى بىر تە-
رەپ قىلمىسا بىز پۇقرالەي ئەقىلدىن
ئايرىلىپ قالىمىز. ئۈچىنچىدىن، بىكار-
دىن - بىكار سىلەر بۇلتۇرقى بىر ئوب-
دان كېۋەزنى تېرىغىلى قويماي، نەدى-
كى بىر سورتنى مەجبۇرىي تېرىتتىڭلار.
نەدىكى غوزىنى كۆرۈپ «مول ھوسۇلدىن
ئۈمىد بار» دېيىشىپ يۈرۈشكەن بىلەن
ئاقىۋەت غوزا ئېچىلماي ئۇششۇپ كەت-
تى. بىزگە ئۇرغۇن زىيان بولدى. مانا
مەنمۇ پاختا پۇلىدا تۆلەرمەن دەپ
ئۈچ يۈز يۈەن قەرز ئالغان، ئەمدى نېمى-
دە تۆلەيمەن. شۇڭا زىيىنىمنى تۆلەپ
بەرسىلە، گېپىم ھازىرچە شۇ!

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ بولغىچە ھاسى-
راپ كەتتى. مەن ئالدىمدىكى بۇ كىشى-
گە ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن مۇنداق
دېدىم:

— ئاكا، بىرىنچى تەلەپلىرىگە كەلسەك،
قانۇندا ئېنىق بەلگىلەنگەن، مۇنداق ئۇ-
زاق ۋاقىت بولۇپ كەتكەن يەر دەۋاسى سو-
رالمايدۇ. ئىككىنچى تەلەپلىرىگە كەل-
سەك، ھازىر ناھىيىمىزدە تۇرۇبا سۈيى ئى-
چىش، يەنى ئىچىدىغان سۇنى ئۆزگەرتىش
ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. ئادەم ۋە چارۋىلار-
نىڭ ئىچىدىغان سۈيى پاكىز بولۇش
ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ...

— توختىسىلا! - دېدى ئۇ جىددىي-
لەشكەن ھالدا: - مەن قانداق سۇ ئى-
چەي بۇ بەرىبىر، مېنىڭ ئەيتىم مانا
مۇشۇ، مۇھىم مەسىلە، ئۆستەڭ بېشىدا
ئولتۇرغان شۇ ئادەملەرنىڭ يۇندى،
ئەخلەت، سۈپۈندىسىنى تۆكىدىغان جايى
بولۇشى تولىمۇ مۇھىم. بۇنى ھەل قى-
لامسىز - قانداق؟

— ئۆستەڭ بېشىدا ئاھالىلەر زىچ

ئولتۇراقلاشقان، ئۇنداق يۇندى، ئەخلەت، خالى جاي سالغۇدەك ئورۇن يوق. بۇ بىزنىڭ بېشىمىزنى قاتۇرۇۋاتقان مەسىلە. پات ئارىدا ھەل قىلىمىز. ئۇچىنچى تەلەپلىرىڭگە كەلسەك غوزىنىڭ ئېچىلماسلىقىنى بىزدىن ئەمەس، ھاۋارايىدىن سورىسىلا، چۈنكى بۇ يىل تېمپېراتۇرا تۆۋەن بولدى. يازدا ھۆل-يېغىن، تەبىئىي ئاپەتلەر كۆپ بولدى. بىز سىناقتىن ئۆتمىگەن سورتىنى ھەرگىز كېڭەيتمەيمىز.

— قانداق گەپ بولدى بۇ؟ ھوسۇل ئاشسا نەتىجە سىزنىڭ، كېمىيىپ كەتسە سورىقى ھاۋارايى بىلەن ئاپەتكىما؟

راستىنلا ئاچچىقىم كەلدى. ئەمدى بىر نېمە دەي دەپ تۇرسام تېلېفون جىرىڭلىدى. ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ مېنى ساقلاپ قالغانلىقىنى ئۇقۇپ شۇياققا كەتتىم، ئۇ مېنى تىللىغىنىچە قېپ قالدى. ئەتىسىكى تىنچىم:

— ئاجايىپ ئادەمكەنغۇ ئۇ، كەتكىلى ئۇنىماي بىز ئىشتىن چۈشكەندە ئاندىن كەتتى، - دېدى.

— مەنمۇ ئۇنداق ئادەمنى كۆرمەپتىكەنمەن، ئۇنى قايىل قىلىشقا كۆزۈم يەتمىگەنىدى.

شۇنىڭدىن بېرى سەيدەك بىلەن ئۇچرىشىپ باقمىغانىدىم، ئەمەلىيەتتىمۇ مەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەيتتىم. مانا بۈگۈن ئۇ يەنە كەپتۇ، ئەمدى يەنە قانداق ئالجوقا گەپلىرى بار ئىدىكىنتاڭ.

— ھاكىم، ئۇ يەنە ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىغىلى تۇردى، - كاتىپ ھودۇقىنىچە ئىشخانامغا كىردى.

مەن يەنە ئامالسىز ئۇنى قوبۇل قىلدىم. قارىسام ئۇ بىر يىلدا خېلىلا چۆدەپتۇ. ئاق سېرىق چىرايى تېخىمۇ تاتىرىپ كېتىپتۇ. كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، چاچلىرى ئاقىرىپ بۆلەكچە بولۇپ كېتىپتۇ.

— ئاكا، ئولتۇرسىلا، راستىنلا ئىشىم ئالدىراش بولغاچقا سىلىنى ساقلىتىپ قويدۇم.

— قانچىلىك ساقلىسام مەيلى، بىراق ماۋۇ تەلىپىمنى چوقۇم ئورۇنلاپ بەرسىلە.

ئۇ بىر ئاز ئەدەبكە كىرىپ قالغاندەك قىلاتتى.

— قېنى ئالدىرىماي سۆزلىسىلە، - ئۇنىڭ مىجەزىنى بىلگەچكە گېپىمنى تۈگىتىپ ئۈنچىقماي ئولتۇردۇم.

— باشقىلار مېنى «ئانىسىنىڭ قارغىشىنى ئالغان» دېيىشىدۇ، بەلكىم راستتۇر. ئانامغا ئوبدان قارىيالمىغىنىم راست، ئىشقىلىپ مەن بەكلا بىتەلەي، نېمىدىن بىتەلەي دېسىلە خوتۇندىن. مەن ھازىرغىچە ئون تۆت خوتۇن ئېلىپ بولدۇم. بىراق بىرەر پەرزەنت كۆرمىدىم. بۇغۇ مەيلى، ھېچقايسىسى ئۆي تۇتاي دېمىدى. ئەكسىچە تاپقان-تەرگىنىمنى سورۇپ بولۇپلا خېتىنى ئالدى. مۇنداق دېسەم ھۆكۈمەتنىڭ خوتۇن بىلەن نېمە ئىشى دەپ قالمىسىلا، ھازىرقى ئون بەشىنچى خوتۇن مېيىپ، بىر قولى كۆيۈپ كېتىپتىكەن، بىر قولىلا بار. شۇڭا ئائىلە ئىشلىرىدا ئاساسەن دېگۈدەك ئۆزۈم قول تىقمىسام بولمايدۇ. بۇنى دېمىسەممۇ بىلىلا. مۇشۇ زىمىستان قىشتا سېكرىتار مېنى ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا چىق دەيدۇ. مەنغۇ ئۈنچىلىك ئەمگەكتىن قورقۇپ قالمايتتىم. بىراق خوتۇن ئاجىزلاپ قالدى. يالغۇزچىلىقتا ئالمادىس بىر ئىش بولۇپ قالسا ... ھەي، سېكرىتارغا بۇ يىل چىقمىسام، دېسەم ئۇنىمىدى. تېخى بىر نەرسەڭنى ئېلىپ كېتىپ جازالايمىز دېۋىدى، ھېلىمۇ ياخشى ئۆيۈمدىن قولغا چىققۇدەك ھېچ نەرسە تاپالماي كېتىپ قالدى. مەن ھەر يىلى سۇ قۇرۇلۇش ئەمگىكىگە چىقىپ كېلىۋاتىمەنغۇ؟ بىرەر قېتىم چىقمىسام نېمە بولىدۇ؟

كۆڭلۈمدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھېسداشلىق پەيدا بولدى.

— سىلىدىن ئۆتۈنىدىغىنىم ھەم بارلىق دېھقانلارنىڭ پىكرى، ئۆستەڭنى بىز قازىمىز، سۇنى خۇدا بېرىدۇ. شۇڭا ئۇستىمىزدىكى سۇ پۇلىنى كۆتۈرۈۋەتسىلە، كېسەللەرگە ئېتىبار بېرىپ ئەمەلىي ئەھۋالىمىزغا قاراپ ئاندىن قۇرۇلۇشقا بۇيرىسىلا!

كۆڭلۈمدىكى ھېسداشلىق ئورنىنى غەزەپ ئالدى. ئاچچىقىمدىن چىرايىمنىڭ كۆكىرىپ كەتكىنىنى ھېس قىلىپ تۇردۇم. بىراق بۇ ئادەمنىڭ كۆكەمەلىكىنى بىلگەچكە ئۆزۈمنى زورىغا بېسىۋالدىم.

— مۇنداق قىلايلى، ئەتە مەن سىلىنىڭ مەھەللىگە بېرىپ ئەمەلىي ئەھۋاللىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ ئاندىن بىر نېمە دەي، — خىيالىمدا ئۇنى ئالداپ يولغا سالارمەن دېگەنتىم. ئويلىمىغان يەردىن:

— ئەمىسە، خەت يېزىپ بەرسىلە، باشلىق دېگەنگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ. «ئەتە چوقۇم بارىمەن» دەپ خەت يېزىپ بەرسىلە. نۇرەك سېكرېتارمۇ «قىشقىچە قۇرۇلۇشقا ئەۋەتمەيمەن» دەپ مېنى بىر ياز يېڭى ئۆيىدە ئىشلىگىلى سالدى. نەدىكىنى، گېپىدە تۇرمىدى.

ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىمنى بىلىپ بايام دېگەن گېپىمگە پۇشايمان قىلدىم. ئاخىرى يېنىۋالالماي قايتا-قايتا ۋەدە بېرىپ ئۇنى ئاران يولغا سالدىم.

ھاڭغىرقاي ئوچۇق تۇرغان قىيسىق ئىشىك، ئىشىكتىن كىرىشتە كۆزگە چېلىقىدىغىنى يېرىق تەگنە يېپىپ قويۇلغان چېلەك، ئۇدۇلدىكى سۇپىدا چاپلانماي ئۆرۈلۈپ كەتكەن كونا ئوچاق، ئىستىن قاپقارا بولۇپ كەتكەن مىس چۆگۈن، ئوچاقنىڭ سول تەرىپىدىكى سۇپىغا سېلىنغان بىر پارچە كونا كىگىز، ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا تۆپىدىن ئايرىغۇسىز بولۇپ كەتكەن جۇل - جۇل چاپانغا ئورۇنۇپ ياتقان ئايال، سۇپىنىڭ ئىشىك تەرەپتىكى چېتىدە تامغا يۆلەپ قويۇلغان قىيسىق جاۋەن ... بارلىق بىساتلاردىن مىسكىنلىك چىقىپ تۇراتتى. ھۆكۈمەت شۇنچە يۆلەپ تۇرغان يەردە ھالى يەنە مۇشۇمۇ؟ كونىلار راست ئېيتىپتىكەن. «كەمبەغەل ئەمەس، كەم ئەقىل» دېگەن راست ئوخشايدۇ.

مەن ئايالغا سالام قىلدىم، ئۇ ئايال سول قولىغا تايىنىپ ئۆرە بولدى.

— سەيدەك ئاكام قېنى؟

— قۇرۇلۇشقا چىقىپ كەتتى.

— نېمە؟ مەن تۈنۈگۈن...، — ئۆزۈمنىڭ تۈنۈگۈن پەقەت «ئەتە بارىمەن» دېگىنىم خىيالىمغا كەچتى. ئۇ ئايال مېنى تونىدىمۇ قانداق، زەئىپ ئاۋازدا:

— ئەسلى ئۇ، ھاكىم كېلىپ مېنى قوتۇلدۇرۇپ قويماقچى دېگەنىدى. بىراق، سېكرېتار «سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلايدىغان قانداق ھاكىمكەن ئۇ؟» دەپ ئىشەنمىدى. ئاخىرى «يەرنى تارتىۋالىمىز» دېۋىدى، ئامالسىز كېتىپ قالدى.

مەن ھېچقاچان ھېس قىلىپ باقمىغان بىر خىل سېزىمنىڭ ۋۇجۇدۇمنى چىرماپ ئۆتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. «ھەيسەيدەك، ھاكىمنىڭ ئىشخانىسىنى تاپالىغان بىلەن، دەيدىغان گېپىنى تاپالمىغان سەيدەك، بۇمۇ سېنىڭ تەلىيىڭ، سېكرېتارنىڭ گېپىنى يىرسام بۇندىن كېيىن ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدىغىنىڭ ئېنىق، ئۇنىڭدىن كۆرە شۇپېتى كېتىۋەرگىن»

مەن ئېغىرلىشىپ كەتكەن بېشىمنى تەسلىكتە كۆتۈرۈپ ماشىنىغا چىقتىم. ئاغزىمغا قاراپ ئولتۇرغان شوپۇرغا ئالايدىم:

— نېمە قاراپ تۇرىسىز، ھەيدەڭ.

مۇھەممەت تۇرسۇن ئابدۇكېرىم

## غەزەل

1

ئۇلۇغ كومپارتىيە دىلدىن ساڭا ئوتلۇق سالام دەيمەن،
بەخش ئەتتىڭ ئادالەتنى سېنى مەن ئۆز ئانام دەيمەن.

كۆزۈڭ ئاچقان ئىدىڭ تۈندە ئىيۇلدا ئۈشبۇ جۇڭگوغا،
كۆدەكلىك چاغلىرىڭدا كۆپ تېنىڭ بولغان يارا ، دەيمەن.

ئېلىشتىڭ نەچچە ئون يىللاپ جاھالەت بىرلە جەڭلەردە،
ئېرىشتى غەلىبىگە سەندە شەھەر، قىشلاق، يېزام دەيمەن.

چېنىقتىڭ كۆپ ئەقىل تاپتىڭ قوبۇل ئەيلەپ ساۋاقلارنى،
بېلىڭنى رۇسلىدىڭ نەچچە زەپەر قىلدىڭ داۋام دەيمەن.

يەنە بىر چاغدا مەلئۇنلار يولۇڭدا قۇترىدى كۈن - تۈن،
شۇئانلا چەيلىدىڭ ياۋنى قىلىپ يەكسان تامام دەيمەن.

ئاجايىپ زور روناق تاپتىڭ ئۇچۇپ كۆكتە قانات قاقتىڭ،
بۈيۈك تويۇڭنى قۇتلۇقلاپ ساڭا كۆپ ئېھتىرام دەيمەن.

مۇقەددەس يۇرتىمىز شياڭگاڭ ۋەتەننىڭ قوينىغا قايتتى،
ئاشۇ بىرلىك ئۈچۈن پۈتتۈم يېڭى نەزمە - كالام دەيمەن.

چاراغلار يەر - ئاسماندا ئۇلۇغۋار غەلىبىنىڭ شانى،
تويۇڭ ئۈستىگە توي بولدى خۇشال بۇ ئەل - ئاۋام دەيمەن.

ياشايمىز پارتىيە بولغاچ ئەسىر بويى كۈلۈپ ئويناپ،
ئىناقلىق گۈلشىنى ئىچرە مۇھەممەت دىل ئارام دەيمەن.

ئوبۇلھاشىم ئەخەت

## كومپارتىيەم ئۇلۇغدۇر

نامى مەشھۇر پارتىيەم تىلدا داستان ئۇلۇغدۇر،
ئۇنىڭ بىلەن ھۆر ھايات، بەخت - ئامەت تولۇقتۇر.
ئۆستۈم، كۈلدۈم، يايرىدىم، بۇلبۇل كەبى سايرىدىم،
تارىخ مەڭگۈ گۇۋاھچى ھەر بىر قەدەم ئۇتۇقتۇر.

www.uyghurkitap.com



تەربىيىلىدى سەپەردە، مۇشكۇل بەيگى خەتەردە،
ئۇنىڭ مېھرى نۇر ئاپتاپ، تاڭ قۇياشى ئۇپۇقتۇر.
پولات كەبى تاۋلاندىم، ئاشۇ ئۇپۇق قوينىدا،
سۆيگەچ ئەجىر مېھنەتنى يولۇم داغدام ئوچۇقتۇر.
خۇشاللىقىم كۆپ شۇڭا، تاپقاچ ئۇنىدىن بەختىمنى،
كۆللىتىمەن جان ۋەتەن ئېزىز دىيار تەختىمنى.
لاچىن بولۇپ ئاسماندا، پەرۋاز قىلىپ ئۇچىمەن،
گۈزەل ئەخلاق مەدەتكار كومپارتىيەم ئۇلۇغدۇر.

ئابلەت ئەخمەت

# شېئىرلار

## قايسىمىزنى ئالدىدى هايات

تاتلىق ـ تاتلىق چۈشلەر قوينىدا،
يېقىلغاندا لېۋەنگگە لېۋىم.
تەشنالىقتا قۇترىغان ھېسلار،
يۈرەكلەرگە ئاقتى بىتىنىم…

قىيالماستىن ئايرىلدۇق ئاخىر،
ئەقىدەڭدىن تىترىدى تېنىم.
قايسىمىزنى ئالدىدى هايات،
كەچۈر مېنى، كەچۈرگىن جېنىم.

## كۆلكىمۇ باشلايدۇ بەزى ماماتقا

قەدەملەر جەۋھىرى توزىغان ئەمەس،
ئاقىللار كۆزىدە پارلاپ ھېچقاچان.
بىر ئالەم چېتىدىن تاشلانغان ھەۋەس،
بىر مىسكىن قەلبتىن ئىزدەيدۇ ماكان.

كۆلكە ھەم ئازابلار تۈنجى ئەمەستۇر،
تۇپراقنىڭ ئۈستىدە ئۈنگەن ھاياتقا.
دۇنيادىن رەنجىگەن ئۆزى ناكەستۇر،
كۆلكىمۇ باشلايدۇ بەزى ماماتقا.

ئىنسانىنىڭ دەردىدىن قاقشىغان دۇنيا،
گۈزەللىك كۈتىدۇ ئىنسان قولىدىن.
ھاياتلىق دەشتىدىن بالقىيدۇ زىيا،
روھلارنى ـ روھلارغا چاتقان چىغىردىن.

## لەپىلدەپ كەلگەندە توپلەي ئاۋازى

جۈپ كۆزۈڭ جىلۋىسى ئۈركۈتكەن تۈنگە،
بىر ئالەم لەززەتنى قىلمىغان بەدەل.
سەندەك بىر گۈزەلگە كۆيدۈردى تەقدىر،
شۈكرىكىم، ئۆلمىدىم تېخى بىمەجەل.

لەپىلدەپ كەلگەندە توپلەي ئاۋازى،
زېمىننىڭ تەكتىدىن ئاتقۇزۇپ لاۋا.
شېرىنداپ دىللارنى قىلىدۇ مەستخۇش،
چېچەكنى يەلپۈتۈپ ئۇچقان خۇش ناۋا.

قىسمەتلەر رەنجىدە پۈرلەشكەن روھىم،
ـخوش ـدەيدۇكە يىنىڭدىن كۆزلىرىدە ياش.
ئۇ شۇنداق سۆيىدۇ ئۈنسىز ـ ئۈمىدسىز،
چەكسىز مۇڭ ـ سۈكۈتنى قىلغانچە ھا پاش.

ئەرشىدىن راشىدىن

# ئەبجەش نەزمىلەر

## نەزمىلەر

نەزمە يازدىم ۋە دېدىم نامىنى « ئەبجەش نەزمىلەر»،
بەزىسى بولغاندۇ بەلكى كونا، ئىمكەش نەزمىلەر.

دەيدۇ ئەل: يازغانلىرىڭ قىلسۇن كۆڭۈلنى مەھلىيا،
قوي قەلەمنى، بولمىسا قەلبىڭدە ئاتەش نەزمىلەر.

بولغىنىدەك ھەر خورازنىڭ بىلگىنىچە چىللىشى،
ئىش تۇتۇپ ھالىمچە مەنمۇ راسلىدىم چەش-نەزمىلەر.

گۈل دېمەس كىم چىن دىلىدىن ياقتۇرۇپ ئۆز يارىنى،
يازغىنىم ھەم مەن ئۈچۈن گويا پەرىۋەش نەزمىلەر.

ئوخشىمايدۇ، بىر - بىرىدىن پەرقى بار مەناسىدا،
ئوخشىغان بىرلە سوراق، ئۈندەش، چېكىت، پەش نەزمىلەر.

بەزىدە ساپ دىل - ساداقەت ئەھلىنى شاد ئەيلىسە،
بەزىدە ئازغۇن كۆڭۈللەرنى قىلار غەش، نەزمىلەر.

قايىدۇر « ئەبجەش » لىكىڭ ، بىلسۇن كىتابخانىڭ ئېنىق،
قىل ئايان مەنالىرىڭنى — بىرمۇ بىر يەش ، نەزمىلەر.

## كۆلەيمۇ ياكى يىغلايمۇ

قەلەمداشلار دېدى يوقمۇ يەنە « ھەقلىق پاراڭلار① » دىن،
دېدىم : شۇ ھەق پاراڭ ۋەجى ، يوقاپ كەتتىم ئاراڭلاردىن.

خىرىستىن ئېھتىيات ئەيلەپ ، تەخەللۇس كەينىگە مۆكسەم،
زېرىكتىم « ئۇ نېمە يازدى ، نېمە دەيدۇ ماراڭلار » دىن.

دېسەم ھار كەپتۇ ئەينەكنى ئۇرۇپ چاققان ھاماقەتكە:
« مۇقەددەم ئاغرىنىش ھەقتۇر غۇبارلىق يۈز - قاراڭلاردىن».

بىرىگە دەپتىمەن : ھەرگىز گۇناھكار بولمىغاي جەرراھ،
يىرىڭ - زەردابىنى ئاققۇزسا رەھىم قىلماي ياراڭلاردىن.

① ئاپتورنىڭ « ھەقلىق پاراڭلار » قاتارلىق بىر قىسىم ساتىرىك شېئىرلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بىرى «سەككىز» دېسە، دەپ: «ياق، ساداي سەككىزمۇ يا توققۇز»،
توپۇپتۇ مەن كەبى تەرسا، غەرەز ئۇقماس ساراڭلاردىن.

بولۇپتۇ مەن ئۇچۇن نۇقسان (بۇنىڭغا تۇۋە دەر ھەر كىم)،
دېسەم: «كاۋا - قاپاق ئەۋزەل، قۇرۇق چەللە - باراڭلاردىن».

ئۆزۈمچە دەپتىمەن شەكسىز ئورۇنلۇق - ھەق پاراڭ قىلدىم،
بىزار بوپتۇ بىراۋ ئەمما يېقىمسىز «كار - كاراڭ» لاردىن.

ئەيىب كىمدە، بۇ قىسمەتكە كۆلەيمۇ ياكى يىغلايمۇ،
ياراتماپتۇ ئىگەم ئەما ۋە ياكى گاس - گاراڭلاردىن.

خىتاب قىلغاچ بۈگۈن خالىس ئۆزىگە «ياتقىچە ئات» دەپ،
خالاس تاپقاي «ئەنە سەپتىن چۈشۈپ قالدى قاراڭلار» دىن.

## «قوزا - قوي باققانمۇ سىز؟...»

ئەيمىنىپ چەكسەم ئىشىك، «توختاپ تۇرۇڭ بىردەم» دېدى،
توختىدىم، ئاخىر، «كېلىڭچۇ يەنە بىر مەرتەم» دېدى.

بىر ئەمەس بىر قانچە رەت باردىم، يەنە بىر خىل جاۋاب،
«توختىڭا توختاڭ، نېمانچە يەيدىغانسىز غەم» دېدى.

«كۆردىڭىزغۇ، ئالدىراشمەن، ئىش دېگەن چاچتىن تولا،
كەلدىڭىز كۆپ زەپمۇ، ئىشقا بەردىڭىز بەرھەم» دېدى.

بەزىدە قەھرى بىلەن ياپتى ئىشىكنى جاڭگىدە،
«قايتىمەن ئىشتىن، بىراۋلار قايتقىلى نېكەم» دېدى.

بارسىڭىز - دەيدۇ - ئۆيۈمگە، بارغىنىمدا ۋارقىراپ،
«بۇ ئەمەستۇر ئىشخانا، بۇ ئۆز ئۆيۈم - كۈلبەم» دېدى.

مىڭ تەۋەززۇدا يېلىنسام، ئەيلىسەم كۆپ ئىلتىجا،
«سالىمىڭا تەڭلىككە بۇنچە، بار تۈزۈم - ئۆلچەم» دېدى.

ئۆتتى قانچە «ئەتە» «ئۆگۈن» «ئەتىگەن» «چۈشتىن كېيىن»
بەزىلەر ئاڭلاپ، ماڭا «يوقكەن سىزنىڭدە پەم» دېدى.

ئاخىرى تاپتىم ئەقىل، باردىم بۇ دورەم «پەم» بىلەن،
قايتقىنىمدا، «كەپ تۇرۇڭ، بولسۇن ئېغىز مەھكەم» دېدى.

«ئىلتىجايىم ...؟» كەستى گەپنى، «قوزا - قوي باققانمۇ سىز،
قۇيرۇقىنى تۇتسىڭىز بولماس بېرىپلا يەم» دېدى.

كەلدى بىر كۈن، قول ئېچىلغاچ يول ئېچىلغان، خەيرىيەت!
«توغرىلاندى ئىش بۈگۈن، ئەمدى بولۇڭ دىلجەم» دېدى.

ئېھتىمال بۇنداق رىيازەت چەككىنى بىر مەن ئەمەس،
ئەل ـ ئاۋام: ئېيتقىن ھېكىم، بارمۇ ۋاباغا ئەم دېدى.

ئەمچىلەر سالدى قۇلاق، ئەلنىڭ سۆزىگە ـ زارىغا،
بولغۇسىدۇر پات يېقىندا تويمىغۇر كۆز نەم دېدى.

ئەنۋەر ھىدايەت

# ئىككى شېئىر

## قىز تۇغقاندا ئايالىم بۇ يىل

قىز تۇغقاندا ئايالىم بۇ يىل،
كۆي قاپلىدى غېرىب كۆلبەمنى.
بوسۇغامغا كېلىپ تەگرىمۇ،
سوۋغا قىلدى بىزگە كۆكلەمنى.

زەڭگەر كۆكتىن چۈشۈپ پەرىشكە،
تەبەسسۇمدا باش ئەگدى قۇياش.
تولۇن ئايمۇ ئېلىپ بوينىغا،
ئاھ، قۇتلۇقلاپ قىلدىغۇ ھاپاش.

چاچقۇ چېچىپ يۇلتۇزلار ئۆيگە،
بەخت تىلەپ قىلىشتى دۇئا.
ھويلامدىكى باراڭدا قۇشلار،
تەڭكەش بولۇپ ئەيلىدى ناۋا.

قىز تۇغقاندا ئايالىم بۇ يىل،
ھايات بىزنى سۆيدى قۇچاقلاپ.
كائىناتنى سېلىپ بەرزىگە،
ھاياجاندا كۈلدۈم قاقاقلاپ.

## تەڭرى شۇنداق ياراتقان ئۇنى

كۈنمۇ خىجىل بولىدۇ كۆرۈپ،
تولۇن ئايدەك ئوماق يۈزىنى.
تاشمۇ كېتەر ئېھتىمال ئېرىپ،
گەر ئاڭلىسا شېرىن سۆزىنى.

كۆكتە يۇلتۇز چىمىلدىماي شۇ دەم،
ئاھ، تولغىنىپ ياش تۆكەر ئەنە.
ئاشىق بولۇپ ئاڭا قىزىلگۈل،
تەبەسسۇمدا باش ئېگەر يەنە.

يىقىلىدۇ، كېتىپ ھوشىدىن،
كۆرۈپ قالسا ۋېناس ناۋادا.
ئوتلۇق كۆزى چاچرىتسا ئۇچقۇن،
پەر قاقالماس بۈركۈت ھاۋادا.

تەڭرى شۇنداق ياراتقان ئۇنى:
«ئۇيغۇر قىزى» قىلىپ جاھانغا.
«كۆز تەگمىسۇن» قوغدايلى ئۇنى،
يولۇقمىسۇن ھەرگىز يامانغا!

يالقۇن ئۆمەر

# غەزەللەر

1

چۆكۈپ تۇرمۇشقا تەۋرەتسەم قەلەم ساز بىر غەزەل چىقتى،
رىتىم، مىسراسى بەك رەڭدار تۇراق، ۋەزنى گۈزەل چىقتى.
تېرەن مەزمۇن بىلەن ھېسسىيات چېتىلغاچ بۇندا! چەمبەرچەس،
ئېسىل ئەشئارغا لايىق شۇ تەلەپ، ئۆلچەمگە تەل چىقتى.

دېيىلگەچكە ئۆزىڭدا ئەل - ئاۋامنىڭ مەقسىتى روشەن،
ئۇلارنىڭ رايى ھەر قۇردا ئۇدۇل ھەم دەلمۇ - دەل چىقتى.
ئۇدۇللاندى ئۆزىڭگىكى تىغ ئۇچى پاسىق، رىياكارغا،
قۇسۇرلار سۆكمىسى كۆپلىبت ئارا گوياكى سەل چىقتى.
ئوزۇق قىلغاچقا چىنلىقنى ئوقۇرمەن كۆڭلىگە ياقتى،
جىمى تەركىبى بىر گەۋدە شەكىل مەزمۇنغا ھەل چىقتى.

2

ئۆمۈر بوستان بىر - بىرلەپ بولۇر قاقشال سولۇپ شەكسىز،
ئەجەلنىڭ پەنجىسى تاشلار ئۇنى شۇنداق يۇلۇپ شەكسىز.
بۇ ئالەم ئۆتنە ئالەمدۇر كىشىگە ئالتە كۈنلۈكلا،
قالار ھەر جانغا ئۆمرىدە قونالغۇ - دەڭ بولۇپ شەكسىز.
گاداي، شاھ، پەزلى ساز، پۇلدار دېمەستىن گەر قەرەل توشسا،
يىغار ئۆز قوينىغا قەبرە بولۇپ گويا كۆلۈپ شەكسىز.
بىرى گەر بولسا ئامەتلىك زەبەردەست ھەمدە قامەتلىك،
بىرىنى يىغلىتار قىسمەت نوقۇپ قاتتىق ئۆلۈپ شەكسىز.
پەلەك زۇلمەت، شىۋىرغاننى چىقارماقنى راۋا كۆرسە،
قالالماس ھېچ كىشى ياندا سوقۇلماي قوغدىلىپ شەكسىز.
بىلىپ بولمايدۇ تەقدىرنىڭ كارامەت پەيلىنى ھېچبىر،
جاھان بىغەم ياتار سانسىز تېپىشماققا تولۇپ شەكسىز.
شۇڭا ئويلاپ ئۆلۈمنى بىز ياشايلى پاكىزە دوستلار،
كېلىپ نۆۋەت بۇ ھەلقۇمغا سېلىنماستا قۇلۇپ شەكسىز.

3

دىلى رايىچە ئادەملەر يۈرەر ھەر سەپتە ئاۋارە،
بىرى قوغلاشسا ئىرپاننى بىرى مال - نەپتە ئاۋارە.
پۇلى بار ھەم يولى بارلار پاراۋان بولسا تۇرمۇشتا،
قولى قىسقا بولۇپ ۋەيران قالار بىر چەتتە ئاۋارە.
تىلەپ ھەر دەم بالا - زەخمەت ئۇتۇق-نۇسرەت قازانغانغا،
بۇلۇت قاپلاپ چىرايىنى ھەسەتخور خەپ! تە ئاۋارە.
بىراۋلار يۈرسە كۈن - تۈنلەپ ھېرىقماي قوغلىشىپ ئىشرەت،
ئىلىمدارلار «ۋاقىت ئالتۇن» دېگەن شۇ گەپتە ئاۋارە.
مۇقەددەس سۆيگۈگە تەشنا ئىشق مەستانىسى ھەر كۈن،
سۆيۈملۈك يارىنى پايلاپ يوچۇق ھەم ئەپتە ئاۋارە.
بىرى ھەر دەم تۇرۇپ ئادىل قەدەملەر تاشلىسا دادىل،
بىرىنىڭ كۆڭلى شۇ شەيتان دېگەن رەپرەپتە ئاۋارە.
قېرىنداش دەردىدە بىرسى ئۇرۇپ ئاھ يىغلىسا زار - زار،
بىرى غەم - تەشۋىشى يوقتەك بولۇر مەشرەپتە ئاۋارە.
ئۆزىنى كەلگۈسى ئىقبال ئۈچۈن ئىمانە قىلغان ياش،
خىيالى ئۇزرە نۇسرەتنىڭ تۇغى لەپ - لەپتە ئاۋارە.

4

بىغۇبار دىل تەكتىدە ئىللەت، خۇسۇمەت يوق بولۇر،
پەزلى ساز ئادەمگە چىن ئالقىش، تەشەككۇر، زوق بولۇر.
ئۆزگىنى ئويلايدىغان دادىل ۋاپادارلار ئۈچۈن،
تىكمىنگەي تەييارغا كۆز ئۆز رىزقىدا چىن توق بولۇر.
ئار - نومۇس بىلگەن كىشى يەتكەي هايانىڭ قەدرىگە،
بىنومۇس چۈپرەندىگە هەر جايدا دەشنام، دوق بولۇر.
رەزگى دىل، پاسىق كۆڭۈل شۇنداق رىياكار بەندىگە،
كوچىغا چىققان تۇلۇم چاشقان كەبى ئۇر، سوق بولۇر.
بول پەخەس يالقۇن هامان بى ۋاق نەزەردىن چۈشمىگىن،
ئەل كۆزى ئۆتكۈر ئەجەب قەهرى گوياكى ئوق بولۇر.

5

ئايا دوستلار بۇ ئالەمنىڭ ئىشىدا غەيرىيھال پەيدا،
ئاڭا هەر جاندا هەر خىل كوي سىرى تەكتىگە پال پەيدا.
هېرىس - مۇشتاق بولۇپ شەيتان خۇيىنى ئالدى نۇرغۇنلار،
مىجەز، پەيلىنى ئۆزگەرتتى تاسادىپ بولسا مال پەيدا.
قەسەم ئەيلەپ ئۆزىنى هەم هارامدىن چەكلىگەنلەرمۇ،
شارائىت قوغلىشىپ قىلدى ئۆزىدە ئىككى گال پەيدا.
قىلىپ مېهنەتنى دەسمايە بېيىشقا ماگسا ئىشچانلار،
قېرىشقاندەك كېۋەز، قوغۇنلىرىدا بولدى ئال پەيدا.
رەقىبمۇ دوستقا ئايلانغاي يۈيۈپ بۇندا ئاداۋەتنى،
مەگەر قارشى تەرەپ ئۆز گەپ - سۆزىدە قىلسا بال پەيدا.
ۋاقىت بەكمۇ رەهىمسىزدۇر ئۇنىڭ نە كارى ئىنسانغا،
يۈمۈپ هەم ئاچقۇچە كۆزنى قىلار قەددىدە دال پەيدا.
بېلىنى باغلىغان ئوغلان يېتەر مەنزىلگە شەكسىزكى،
مۇبادا بولمىسا يوللار ئارا هەر خىل قامال پەيدا.
تىنىپ خامانچىنىڭ كۆڭلى چىقار هاردۇقمۇ بىر پەستە،
ئاڭا نەخ بولسا تەخىرسىز سوقۇپ غۇر - غۇر شامال پەيدا.
ۋاپا ئىشقىدا يانغان شوخ يىگىت هېچ تەمتىرەپ قالماس،
ئېگىدا هەر ۋاقىت بولسا گۈزەل رۇخسار، جامال پەيدا.
هايالىسىز بىر كېلىنشەسىنىڭ مەگەر يۈزلەنسە باشلارغا،
ئاڭا هەر كاللىدا بولغاي تۈمەنخىل ئوي، ئامال پەيدا.
باياۋان چۆلمۇ يىل ئاتلاپ گۈزەل بوستانغا ئايلانغاي،
مەگەركى قويندا بولسا چىنار، دۇپ هەمدە تال پەيدا.
مانا يالقۇن شىمايلاپ يەڭ ئىجاد ئوكيانىغا چۈشتى،
چىقار بىر باشقا جۈرئەت هەم ئىشەنچتىن بولسا سال پەيدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



غوجەمۇھەممەت مۇھەممەت

# شېئىرلار

### سەھرادا ...

سەھرادا قۇياش بار، سەھرادا دېھقان،
سەھرادا نان باردۇر، سەھرادا ئىمان.
كەتمەن ۋە ئورغاقنىڭ سادالىرىدىن،
شاۋقۇن ۋە سۈرەنگە تولىدۇ جاھان.

سەھرادا بار يەنە جاپا - مۇشەققەت،
روھلارنى بېغۇبار ساقلىغان مەشرەپ.
يىگىرمە بىرىنچى ئەسىر،
كېلىدۇ توپىلىق كوچىلار ئارا
قىز كەبى تارتىنىپ، ئاۋايلاپ دەسسەپ...

### دۇتار چالار يالغۇز بىر يىگىت

دۇتار چالار يالغۇز بىر يىگىت،
...
مۇھەببەتنىڭ مىسكىن قۇشلىرى،
ئۇچۇپ كەلدى ئورمانىنى تاشلاپ.
سۆكۈناتقا پاتقان جىمجىت كۆل،
قىرغاق بۇزۇپ ئاقتى تاشقىنلاپ.

ئىترىدى يەر، يىقىلدى تاغلار،
كۆيلەر ئەۋجى يەتتى پەلەككە.
چۈشۈپ كۆكتىن ساھىبجامال ئاي،
ئىزلەپ چەكسىز كۈتكەن يارىنى،
مۇزلاپ قالدى سوغۇق رەستىدە.

ئاھ، ئۇلاردىن قىلچە بىخەۋەر،
يىغلاپ تۇرۇپ چەكسىز ھىجراندا،
دۇتار چالار يالغۇز بىر يىگىت.

### سېغىنىش

ئۇپۇققا ئوت كەتكەن تىنجىق شۇ كەچتە،
نېمىشقا مەن بىلەن بولمايسەن بىللە.
غەرق بولدى كەنت ئىچى سۆيگۈگە تامام،
چۈش كەبى قىپقىزىل يالقۇنلار ئىچرە.

ھەممە يەر پۈركەندى شاد ناخشىلارغا،
ياشلىقنىڭ شوخ قايناق سادالىرىغا.
ھا ياجان ئىلكىدە سۈرتۈپ يېشىنى،
ھەسرەتلىك گۈللەرمۇ چۈشتى ئۇسسۇلغا.

بۇلاقنىڭ بويىدا مەست بوپ قالدى ئاي،
يۇلتۇزلار شىۋىرلاپ توقۇشتى قوشاق.
ئاھ، پەقەت بىر مەنلا ياش تۆكۈپ ئۈنسىز،
سېغىنىش ئىلكىدە يىغلىدىم ئۇزاق.

ئابدۇرەھىم زۇنۇن

# ئۆلمەس ئانا ـــ تەبىئەت

ئۇلۇغ ئانا ـــ سىرلىق تەبىئەت،
بۇ ئالەمگە سۆيگۈ تارىتقان.
بەخش ئېتىپ ئالەمچە لەززەت ،
مەڭگۈ پۈتمەس بايلىق ياراتقان.

ئۇ سەھەردە پۈتكەن كۈي - غەزەل،
لىرىكىغا تويۇنغان پەۋەس.
مېھرى دەريا، قوينى باغ گۈزەل،
ئېلىپ كەلدۇق تويماستىن نەپەس.

ئۇ گوياكى بىر گۈزەل جانان،
ياتار بۇ دەم شېرىن ئۇيقۇدا.
ئەللەيلەندۇق باغرىدا ھامان،
ئاجايىپ بىر تاتلىق تۇيغۇدا.

ھىممەت شاھى سېخىي تەبىئەت،
پۈتتى بىزگە ئۇپىرىماس قانات.
ئاڭا قويۇپ چوڭقۇر مۇھەببەت،
ياشاپ كەلدۇق ئەۋلادمۇ ئەۋلاد.

ئوچۇق ئۆزىنىڭ ئالقىنى ھەر چاغ،
(ئۇ جاھاندا تەڭداشسىز سېخىي).
تەر تۆككەنگە مىسلى جەننەت باغ،
باش ئېگىدۇ مېۋىلىك شېخى ...

ئۇ ئەبەدىي ئۆلمەس بىر ئانا،
ئۇنى مەڭگۈ ئۆتىمىز پۇراپ.
ھايات قەۋمى پەرزەنتتۇر ئاڭا،
شان قۇچىمىز گۈللەرگە ئوراپ.

يالقۇنجان ياقۇپ

## ئانا ھەققىدە غەزەل

چېكەر كۆڭلۈمنى چىن رىشتىلىك، مېنى ئويلايسەن، ئويلايسەن،
زەھەر تىل زاغنى ئۇچراتسالىڭ، ئانا قوغدايسەن، قوغدايسەن.
سەھەرنى ئويغىتىپ چۈشتىن سۆيۈملۈك قوللىرىڭ بىرلە،
بولۇپ پەرۋانە مېھنەتكە ئارام تاپمايسەن، تاپمايسەن.
مېنى ئاچ قالمىسۇن دەيسەن، ئېسىل نازۇ - نېمەت تەڭلەپ،
يېگەن نەرسەڭ لېكىن بەك ئاز، ئۆزۈڭ ئاچمايسەن، ئاچمايسەن.
ھەسەل دەپ تەڭلىسە بىر كىم، زەھەرنى ئۇزىتىپ پىنھان،
مېنى بىر چەتتە تۇرغىن دەپ، ئاۋۋال ئوتلايسەن، ئوتلايسەن.
سوغۇق كۈلكەندە بەستىمدە، يېلىڭ تۇرقۇمغا باش ئەگمەي،
قىلىن كەيسەڭچۇ ئوغلۇم دەپ داۋام سوتلايسەن، سوتلايسەن.
كىچىك بىر ئىشتا ئەجرىمدىن خۇشاللىق ئۇچرىتىپ قالسام،
كۆزى چۈشمەستە ھېچكىمنىڭ مېنى قۇتلايسەن، قۇتلايسەن.
جاپانى ئۇچرىتىپ شۇئان ئۆزۈمنى بىر چەتكە ئالسام مەن،
تۇرۇپ مەغرۇر جاپا ئىچرە، پەقەت قاچمايسەن، قاچمايسەن.
بولۇپ چۈشلەر ئۈچۈن مەپتۇن، كېچىلەر ئۇيقۇدا ياتسام،
يۇيۇپ كىر - قاتلىرىمنى سەن، كېيىن ئۇخلايسەن، ئۇخلايسەن.
يېتىپ ھاردۇق، كېسەل ھەريان سېنى دائىم ماراپ تۇرسا،
يېڭىپ غەيرەتتە تەھدىتنى، قىيا باقمايسەن، باقمايسەن.
كېيىنكىگە گاھىدا كۆنمەي سېنى بەك قاقشىتىپ قويسام،
يولۇمنى كۆرسىتىپ توغرا يەنە باشلايسەن، باشلايسەن.
يىراق مەنزىلگە يول ئالسام، بۈيۈك ئارزۇغا بەل باغلاپ،
قىيالماي ئايرىلىشقا ھېچ، كۆزۈڭ ياشلايسەن، ياشلايسەن.
مېنىڭ كۈلكەم ساڭا مەنسۇپ، مېنىڭ قايغۇم سېنىڭدۇر ھەم،
ساداقەت بابىدا ھۆكەر كەبى چاقنايسەن، چاقنايسەن.
شۇڭا كۆڭلۈمدە چىن ھۆرمەت كۈيىنى قالدۇرۇپ چوڭقۇر،
مۇھەببەت ئىشقىنى مەڭگۈ، ماڭا تاشلايسەن، تاشلايسەن.

ئابدۇراخمان تۇردى

# ئۆتەڭدىكى روھ

1

ئۇچۇپ يۈرەر مۇزلىغان ياپراق،
شەبنەمنى مىلەپ توزانغا.
توختاپ قالار ئويغا پاتقاندەك،
ياندار گاھى ئۇچراپ بورانغا.

تەشۋىشلىنىپ سالىدۇ داۋراڭ،
سەھرادىكى كەچ كۈز شامىلى.
موربىلاردىن قايرىلغان تۈتەك،
توڭۇپ كەتكەن ھېلىمدىن - ھېلى.

توڭلىمىدى ئۆتەڭدىكى روھ،
ياپراقلارغا سۆزلەيدۇ چۆچەك.
ئېقىپ چۈشكەن قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز،
مەرسىيىگە چېكىدۇ روجەك.

مۈگدەپ ياتار كونا تونۇش يول،
غىدىقلايدۇ كەچكۈز شامىلى.
ئالماس، لېكىن كۆڭلىگە ئازار،
قۇملۇق قىزى سەھرا گۈزىلى.

يېشىپ قالدى ھىجران ئايلىرى،
تاقەت بىلەن قويدۇم ئۆزدىتىپ.
تەنلىرىمگە ئولاشقان تىترەك،
ئەقىدەممۇ قالغان مۈڭلىنىپ.

سىڭىپ كىردى غېرىب ياتاقا،
تۈتەكلەرگە ھامىلدار سوغۇق.
ئايىنىپ كەتتى مەشمۇ چوغلارغا،
ئۇپۇقلارنىڭ يۈزلىرى چوغلۇق.

تىنەپ يۈرەر ئاخىرقى قۇياش،
ئالدىرايدۇ سىرلىق ئىنتىلىپ.
كەڭلىكلەردە ئېزىققان ھىلال،
ئۇپۇقلارغا كېتەر يۆگىلىپ.

ئۆتەڭدىكى كونا چىغىر يول،
ساقلاپ يۈرەر دىللاردا كەچمىش.
غېرىبلارنىڭ يېشى تۆكۈلگەن،
ئۆتەڭدىكى تۇنجى سېغىنىش.

مۇھەممەتجان ئىسمايىل (پۇناقى)

# ياشلىق مۇڭلىرى

1

جاھاندا بىر سېنى دەيمەن، جانان كۆڭلۈڭدە مەن بارمۇ؟
سەھەر - ئاخشام پىغان يەيمەن، شېرىن سۆيگۈڭدە مەن بارمۇ؟
شاماللار ئېپ كېلەر لەرزان يېقىملىق خۇش ئاۋازىڭنى،
يۈرەكنى مەھلىيا ئەيلەر غەزەل - كۈيۈڭدە مەن بارمۇ؟
قولاقىم قىزىشار كۈن - تۈن گويىاكى ئوتقا چۈشكەندەك،
يارەنلەر ئىچرە قىلغان پاراڭ - سۆزۈڭدە مەن بارمۇ؟
چۈشۈمدە ھەر كېچە - ئاخشام كۆرەرمەن ئۆز سىمايىڭنى،
تەبەسسۇمدا باقارمىشسەن خۇما كۆزۈڭدە مەن بارمۇ؟
پۇناقى ئىنتىزار دىلبەر يۈرەك سۆزۈڭنى ئاڭلاشقا،
قېنى لەۋزىڭنى ئىزھار قىل كۆڭۈل ئۆيۈڭدە مەن بارمۇ؟

2

يېتەلمەي ۋەسلىگە يارنىڭ ئازاب تارتىپ يۈرەرمەنمۇ،
پىراقىدا كۆيۈپ كۈن - تۈن ئەلەملىك ياش تۆكەرمەنمۇ؟
نە ياش ئۇ قان، يۈرەكىمنىڭ قېتىدىن توختىماي ئاققان،
شۇ ۋەجى خەس بولۇپ جىسمىم بۇ ئالەمدىن كېتەرمەنمۇ؟
ساراڭ قىلدى بۇ باشىمنى مۇھەببەت ئىشقى - سەۋداسى،
ئۇنىڭ قىيناشىدىن مەجنۇن كەبى چۆل - دەشت كېزەرمەنمۇ؟
كۆزۈم ئوچۇق تۇرار ئەمما، ۋۇجۇد - جىسمىمدا يوق دەرمان،
ئىشقىنىڭ پىرىدىن تەنگە شىپا - مەلھەم تىلەرمەنمۇ؟
پۇناقىدەر: كېچە - كۈندۈز ئۈمىدكە ئىنتىزار ئەيلەپ،
جانانىنىڭ كۆڭلىنى ئالسام ۋىسالىغا يېتەرمەنمۇ؟

3

قېشىنى يا قىلىپ بىر قىز كۆزىدىن نۇر - زىيا ئاتتى،
نەزىيا ئۇ كېلىپ بىر ئوق يۈرەكىم باغرىغا پاتتى.
ئاشۇ ئوق رەنجىدىن خالىس بولاي دەپ ئىزلىسەم پىنھان،
خالىس بولماق تۈگۈل بىر ھېس بېشىمغا دەرد - بالا قاتتى.
شۇ كۈندىن تارتىبان ئول قىز مېنى ئۆزىگە رام ئەيلەپ،
نادان كۆڭلۈمدە سۆيگۈنىڭ ئىشق ئوتىنى ئۇلغايتتى.
نېتەي ئەمدى بۇ تەقدىرگە قايىل بولماي ئىلاجىم يوق،
دىلىمنى مەست - بىھوش ئەيلەپ گۈزەل بەرنا بىلەن چاتتى.
پۇناقى دەر: نىگار باشتا قىلىپ ماڭا ئېغىر چاقچاق،
بېرىپ ئاخىر مۇرادىمنى كۆڭۈل - كۆكسۈمنى يايراتتى.

4

جانان ۋەسلىڭگە تەشنا مەن سۆيگۈ ۋىسالىم سەندىدۇر،
بىدارمەن ئۇيقۇدىن ھەر دەم كۈن - تۈن خىيالىم سەندىدۇر.
ئۆزۈڭ سالغان بۇ تەشنالىق يۈرەك - باغرىمنى چاك ئەتتى،
خۇشۇم يوقتۇر بۆلەكلەرگە ئىشقى - خۇمارىم سەندىدۇر.
پىراقىڭ رەنجىدە چېھرىم گوياكى خەس - سامان بولدى،
قۇتۇلماققا بۇ قىسمەتتىن لايىق داۋايىم سەندىدۇر.
سۆيگۈنىڭ قىيناشلىرىدىن بېشىمغا چۈشتى مۈڭ - غەۋغا،
ساقىت ئەتكىل بۇ غەۋغانى كۆڭۈل ئارامىم سەندىدۇر.
گۈزەل ۋەسلىڭگە يەتمەككە پۇناقى ئىنتىزار شۇنچە،
پېقىرغا رەھمى قىل دىلبەر بەختۇ - كامالىم سەندىدۇر.

5

جانانىم قايدا سەن - قايدا سېنى كۆرگۈم كېلۇر پات - پات،
سېنىڭ بىلەن بولۇپ بىللە خۇشال يۈرگۈم كېلۇر پات - پات.
ئەجەبمۇ ئىنتىزار بولدۇم گۈزەل ماھى جامالىڭغا،
كۆزۈمگە ئىزلىرىڭدىن خاك ئېلىپ سۈرگۈم كېلۇر پات - پات.
چۈشۈمدە كۆرۈرمەن ھەر تۈن پەرىدەك ئۆز سىمايىڭنى،
سېنى ئويغاق چېغىمدا ئاھ قېنىپ سۆيگۈم كېلۇر پات - پات.

خىيالىم قۇشلىرى ھەر دەم ساڭا تەلپۈنۈپ تۇرار تىنماي،
جۇلالىق گۈلۈ - غۇنچەڭنى پۇراپ تۇرغۇم كېلۇر پات - پات.
پۇناقى دەيدۇ: يار سەنسىز ھاياتىم لەززەتتى بولماس،
ئاناردەك ئۈز لېۋىڭگە لەۋ يېقىپ قويغۇم كېلۇر پات - پات.

6

جانانىڭ رەپتى - رۇخسارى ھۆر - غىلمانغا ئوخشايدۇ،
بويى زىبا، قېشى ئەگىم، كۆزى چولپانغا ئوخشايدۇ.
خىجىلدۇر پەرىمۇ ئۇنىڭدىن جۇلاسى چاقنىتار كۆزنى،
جەلپكار نازلىرى خۇددى گۈلى - رەيھانغا ئوخشايدۇ.
ۋاپا - مېھرى، ساداقەتتە تۇرار ئۇ بارچىدىن يەكتا،
مۇھەببەت سۆيگۈسى ئاتەش، ئوتى گۈلخانغا ئوخشايدۇ.
خۇلۇق، شەرمى - ھاياسى پاك، لاتاپەتتە گۈزەلدۇر ھەم،
كۆڭۈل سەيناسى ئۈز، ئىللىق ئەزىز مېھمانغا ئوخشايدۇ.
مۇراد ئەيىامىدا يايراپ، پۇناقى دەر: بۇ ئالەمدە،
جانانىدەك مېھرىبان يوق ئۇ، ئىلاھ، غەمخانغا ئوخشايدۇ.

## «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇشىڭلارنى قارشى ئالىمىز

ھۆرمەتلىك كىتابخان!

سىزنىڭ يېقىن دوستىڭىز بولغان «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى كەڭ كىتابخانلارنىڭ، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ۋە سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولۇپ كەلگەن قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال.

ژۇرنىلىمىز 1998-يىلىمۇ ئۆزىنىڭ رەڭدار سەھىپىلىرى بىلەن سىزگە ئېستېتىك زوق بېغىشلايدىغان، تەربىيىۋى قىممىتى زور، بەدىئىيلىكى يۇقىرى، قىزىقارلىق، تولۇق ژانىرلاردىكى ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ سىزنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى ئېھتىياجىڭىزدىن چىقىشقا تىرىشىدۇ.

«يېڭى قاشتېشى» نىڭ جۇلاسىدىن ھۇزۇرلىناي دېسىڭىز، 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن بۇرۇن ئۆز ئورنىڭىزدىكى پوچتا - تېلېگراف ئىدارىلىرىگە بېرىپ مۇشتەرى بولۇشىڭىزنى ۋە دوست - يارەنلىرىڭىزنىڭمۇ مۇشتەرى بولۇشىنى تەۋسىيە قىلىشىڭىزنى سورايمىز.

ھەر سانىنىڭ پارچە باھاسى 1.60 يۈەن، يىللىق باھاسى 9.60 يۈەن.

ژۇرنىلىمىزنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى:
CN65—1088/I، خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1002—929X.
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58—26

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

ئەسقەرجان ئەزىزى



# يۇلتۇز كۆز قىسقان كېچە

(ھېكايە)

سۈتتەك ئايدىڭدا قوڭۇر بارخانلىرى سېنى ئەللەيلىتىۋاتقاندەك، بارخانلار چوققىسىدىكى مەغرۇر يۇلغۇنلار ساڭا كۈلۈمسىرەۋاتقاندەك بىلىنىدۇ... ئىسسىق قوڭۇر، ئىللىق شامال، ئۇستۇمدىكى شوخلۇق بىلەن كۆز قىسىشىپ تۇرغان خۇشخۇي يۇلتۇزلارغا قاراپ شېرىكەيىپ ھالدا ئۆزۈم بىلەن سۆزلەشمەكتىمەن. تەكلىماكان گىرۋىكىدىكى بۇ قەدىمكى مەھەللە بىردىنلا ماڭا ھېكمەتلىك، قەدىرلىك ۋە سىرلىق بىلىنىشكە باشلىدى. مۇنداق خىلۋەت، راھەتلىك كېچە ساڭا ئەسلا نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ.

بايىقى ئىككى رومكىنىڭ تەسىرىدىنمۇ، ئىش قىلىپ بۇ راھەتلىك كېچىدىن تويۇپلا ئۆزلۈكۈمدىن ھاياجانلىنىشقا باشلىدىم.

— ھە يىگىت، يالغۇز ئولتۇرۇپلا كېتىپسىنا، — بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ ئۆزۈمگە كەلدىم.

— كېلىڭ ھامۇتكا، ئولتۇرۇڭ.

— ھىم، خىيال سۈرگەن گەپ دەڭ، مۇنداق كېچىدە خىيال سۈرۈش قانداق لەززەتلىك — ھە، — ئۇ يېنىمدا ئولتۇرغاچ سۆزىنى داۋام قىلدى، — سورۇندىن چىقىپ كېتىۋىدىڭ، بىرەر كۆڭۈل سىرى بار چېغى، دەپ يېنىڭغا چىقتىم. ئايدىڭدا مۇنۇلاردىن ئالغاچ ئولتۇر، — ئۇ بىر پەتنۇس توغاچ، پىششىق تۇخۇم، زاغرىلارنى قويدى، — شۇنداق، — دېدى ئۇ، مېنىڭ جىم بولۇپ قالغىنىمنى كۆرۈپ، — ياشلار مۇنداق خىلۋەت جاينى تېپىۋالساڭلار تۈننى تاڭغا ئۇلايسىلەر باتۇرلار. مانا مەنمۇ بىر چاغلاردا مۇشۇ جايدا خىيال سۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتىم: خىيال — ئۇ قانداق ئۇچقۇر، شېرىن، چەكسىز ئارامبەخش — ھە! — ئۇ موخوركىسىنى ئارقا — ئارقىدىن بىر نەچچىنى كۆچەپ شورىۋىدى، قېقىلىپ يۆتىلىشكە باشلىدى، — ھەي قېرىلىق، ئەمما ھازىرمۇ خىيال سۈرىمەن دېسەم ئالجىپتۇ دېمە. شۇنداق، ھەر كۈنى كېچىدە مۇشۇ جايدا خىيال سۈرىمەن، يىگىرمە يىلدىن بېرى، مانا ئاشۇ ئاي بىلەن يۇلتۇزلار

كۈۋاھ. شۇنداق، يىگىرمە يىل، مانا ما-
ۋۇ باغلار ئەقلىمگە كەلسەم بىزنىڭ
ئىكەن، - ئۇ ئارقىمىزدىكى ئۇزۇن سو-
زۇلغان قاپقاراڭغۇ باغنى ئىما قىل-
دى، - بالىلىرىمغا، ھەمراھىمغا ئايلاپ-
يىللاپ بىرەر ئېغىز گەپ قىلىپ سالماي-
مەن. تىنىمسىز ئىشلەيمەن، مۇشۇ باغ-
دىنلا يىلىغا تۈمەنلەپ كىرىم قىلىمەن.
پىششىق خىشلىق ئۆيۈم بار. بانكىدا
نەچچە ئون تۈمەن پۇلۇم بار. ئەمما
مەن يەنىلا ئالجىغان ساراڭ — ھەر كۈ-
نى كېچىچە مۇشۇ جايدا خىيال سۈرىمەن.

— نېمىگە شۇنچە خىيال سۈرىسىز ئاكا؟

— نېمىگە؟ قىزىق گەپ بولدا، سەن شوپۇرغۇ - ھە؟

— ھەئە.

— ھە شوپۇر يىگىت، مېنىڭمۇ ساڭا
ئوخشاش چاغلىرىم بولغان. قانداق
ئېسىل چاغلار بولغىيدى ئۇ، ئىسىت،
ئاۋۇ جىگدىلىكنى كۆردۈڭمۇ؟ - ئۇ ئۇدۇل
تەرىپىمىزدىكى بۇكىكىدە جىگدىلىك
مەھەللىنى كۆرسەتتى، - شۇ جىگدىلىك
مەھەللىدە بىر قىز بولىدىغان، ئۇنىڭ
ئىسمى تىللا ئىدى. بىز بىر - بىرىمىز-
گە كۆڭۈل بېرىشكەنىدۇق. ئەنە ئاۋۇ
قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئېگىز سۆگەت بىز-
نىڭ دائىم كۆرۈشىدىغان يېرىمىز ئىدى.
ئۇ شۇنداق مۇلايىم، ئۇز ئىدىكى، ياش-
لىق دېگەن شۇنداقمىكىن، ئۇنى بىر كۈن
كۆرمىسەم تۇرالمايتتىم... كېيىن دادىسى
ئۇنى ئېلىپ بۇ يۇرتتىن كۆچۈپ كەتتى.
سەۋەبى، قىز بىلەن ئىككىمىزنىڭ قىل-
غان شوخلۇقىمىزنى بىلىپ قالغانىدى.
ئۇ قېرى چال مېنى تۇتالماي ئاچچىقى-
نى قىزىدىن ئالغانىدى. شۇنداق ئې-
سىمدە، مەن ئەنە ئالدىڭدىكى قۇم ئۆس-
تىدە، بىچارە تىللانىڭ چىرقىرىغان ئا-
ۋازى — نالە - پەريادى ھېلىھەم قۇلاق
تۈۋىمدە. ئۇنىڭ كەتكەن يېرىگە بېرىپ
ئىزدىدىم، تاپالمىدىم. ھە...ي، پۇل
تاپتىم، ئەمما ماڭا تولىمۇ قەدىرلىك
بولغان بۇ چۆلدىن كەتكۈم كەلمىدى.
ئاۋۇ سۆگەتنى ھەر كۈنى يوقلاپ تۇرى-
مەن. جىگدىلىك مەھەللىگىمۇ بارىمەن،
ئەمما تىللالارنىڭ ئۆيىنى ھازىر قۇم
بېسىپ كەتتى، يوق...

ئارىمىزنى خېلى ئۇزۇنغىچە جىمجىت-
لىق باستى. ھامۇتكام بىلەن ئىككىمىز-
نىڭ تەقدىرى قانداق ئوخشاش. بۇسەھ-
رادىمۇ شۇنداق بىر ئادەم ياشاۋېتىپ-
تۇ. مانا، مۇشۇ كېچىدە مەنمۇ بىر قىز-
نى ئەسلەيمەن. ئەمما ئۇ نەدە؟ بۇنى
بىلمەيمەن.

— ھاراقنىڭ خاسىيىتى نەدە؟ مانا
مەشەدە، تېخى نەچچە سائەتنىڭ ئالدى-
دا تونۇشقانىدۇق، بىردىنلا سىرداشلار-
دىن قىلىۋەتتى. ھىم، بولدى يىگىت،
ئەمدى كىرىپ كېتەيلى، پىكاپىڭنى زى-
ۋىت قىلىۋال، ئەتە يەنە يول يۈرۈيسە-
لەر ئەمەسمۇ، مانا پىكاپىڭ بۇزۇلمى-
غان بولسا، بۈگۈن ئىككىمىز تونۇشما-
تتۇق. سىلەر ئېكىسكۇرسىيەڭلارغا كېتى-
ۋېرەتتىڭلار - دە، تەقدىر، مانا ھەممى-
سى تەقدىر.

— مەن سەل سەگىۋالاي ھامۇتكا، سىز كىرىۋېرىڭ.

— خىيال، ھەي بالا، تاماكىنى بەك
چەككىنىڭدىن بىر دەردىڭ بار - دە سەن
بالىنىڭ، ئېيتە، ئىچىڭ بوشايدۇ، نېمە؟
قارايسەنغۇ! ئەكەلگىنە بىر شوراي. دە-
ۋەر، سەندەك بالىدىن كۆرمىگەنى كۆردۈم.

ھامۇتكامنىڭ ئېيتىپ بەرگەن سۆزلى-
رى مېنى خېلى ئارامسىزلاندۇرغانىدى.

ھاياجانمۇ، ئازابمۇ، بىلمىدىم. بوغۇ-
زۇمغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك
بولدى. يەنە يىگىرمە يىلدىن كېيىن
ئۆز كەچۈرمىشلىرىمنى خۇددى ھامۇت-
كامغا ئوخشاش سۆزلەپ يۈرەرمەنمۇ؟

× ×

«چاقا - چاقام، يىلان پاقام، مەن
چۆمۈلمىدىم، يىلان بىلەن پاقا چۆمۈلدى»
شۇنداق دېمىسەك، يىلان- پاقىلار كېچى-
سى قويىنىمىزغا كىرىۋالىدۇ دەپ قور-
قۇپ، ياز چىرايلىق پۇراپ كەلگەندە
ئەنە شۇنداق سۇغا چۆمۈلەتتۇق. بىز
يازنىڭ ياپېشىل ئوتلاق - ئېگىز-
لىرىدا پادىلىرىمىزنى قوشۇۋېتىپ، قىر-
دىن - قىرغا ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان شوخ
ئېرىق بويىدا يېتىپ ناخشىلار توۋلايت-
تۇق.

ئۇنىڭ شوخلۇقىمۇ ئاشۇ بەگباش
ئېرىق سۈيىدىن قېلىشمايتتى. باغلار-
غا ئوغرىلىققا چۈشسەك ئۇ مەندىن كۆپ-
رەك ئالما - نەشپۈتلەرنى ئېتەكلىرىگە
تولدۇرۇپ چىقاتتى. ئىلەك توكۇرنىڭ
قوغۇنلۇقىغا كىرىدىغاندا بولسا، مەن
قورقۇپ شورىدىن كىرگىلى ئۇنىمايت-
تىم. ئۇ كۈلۈپ مېنى قەستەن تېرىكتۈ-
رەتتى - دە، بىمخۇدۇك كىرىپ ھەريوغان
قوغۇنلارنى ئىنجىقلاپ ئاران كۆتۈرۈپ
چىقاتتى. بىز كۆپىنچە بالىلارغا ئارى-
لاشماي، ئىككىمىز يالغۇز ئوينايتتۇق.
تېخى «چوڭ بولۇپ ئۇنى ئالسام مېنى
بوزەك ئېتەرمۇ...» دەپ بالىلارچە خى-
يالمۇ قىلاتتىم. شۇنداق قىلىپ بىزنىڭ
بالىلىق چاغلىرىمىز بىلىنمەستىن، ئاس-
تاغىنە ئۆتۈپ كەتتى.

گۈلخۇمار ئېگىز، زىلۋا بوي، ئانار
يۈز، بوتا كۆز، قورقۇنچاق قىز بولۇپ
يېتىلدى. دائىم قارا، توم قىلىپ بىر
تاللا ئۆرۈۋالغان چېچىنى ئوينىتىپ كې-
لەتتى. مەن ئۇنىڭ تەتۈرسىچە، ئوتتۇ-
را بوي، پور كۆتەك، يۈرەكلىك چوڭ
بولدۇم. بىز ئىلگىرىكىدەك كەك - كۆ-
شادە ئۇچرىشالمىساقمۇ، ئەمما مەكتەپ
ۋە يوللاردا ھەمىشە ئىللىق قارىشىپ
ئۆتۈپ كېتەتتۇق. «چاقا - چاقام» نى
ئەسلىشىپ ئايرىلىشقا قىيمايدىغان، ئۆ-
زۈندىن-ئۆزۈن ئولتۇرۇشۇپ كېتىدىغان
ئايدىڭلارمۇ نېسىپ بولار ئىدى.

بىركۈنى ئۇ مېنى يولدا چاقىرىپ قالدى:

— نېمە؟- دېدىم ئۇنىڭ چىرايىدىكى
جىددىيلىكنى كۆرۈپ.

— دادام ئوقۇمايسەن دەيدۇ،- دېدى.
ئۇ نېپىز لېۋىنى چىشلەپ ئىز چىقىرى-
ۋەتكەنىدى.

— نېمىشقا؟

— روزەك مەزىندە ئوقۇيسەن دەيدۇ-
غۇ تاڭ.

— تايىنلىق موللا بولغۇڭ باردۇ خۇ-
مارەك،- چېقىشتىم ئۇنىڭغا كۆز قىسىپ
قويۇپ،- سەن مەكتەپكە بارمىساڭمۇ ئىز-
دەپ بېرىۋېرىمەن جۇما.

— قويغىنە سېنى،- دېدى ئۇ يەنە
لېۋىنى چىشلەپ،- ئانامنىڭ گېپىدىن
بىر ئىشنى سېزىۋاتىمەن شۇ.

— نېمە ئىشنى؟

— مەزىن ئۆزى ئۆيگە كەپتۇ، ئۆزى
ئوقۇتۇشنى تەلەپ قىپتىمىش...

— ئەجەب بىر گېپىڭنى چۈشىنەلمى-
دىما؟

— مەزىنىنىڭ مېنى كېلىن قىلغۇسى
بارمىش، ئۆيدىكىلەر ساۋاب بولىدۇ
دەيدۇ.- ئۇنىڭ ئاۋازى يىغلامسىراپ
چىقاتتى،- ئەمدى بولدىما مانا.

— مۇنداق دەڭ، ھىم، سەن نېمە دې-
دىڭ؟- سورىدىم ئۇنىڭغا يېقىنلاپ،- تېخى

ھۆسەن كۆكچىنىڭ سېنى مەندىن تارتىۋالغۇسى بارمىكەن، كۆرۈك بۇنى.

— نەچچە كۈننىڭياقى ئۇنىماي دەرسكە بېردۇەردىم، ئاخشام يەنە تىللىدى، ئۇ ئادىتى بويىچە ھېلىقى توم، بىر تاللا قىلىپ ئۆرۈۋالغان چېچىنى ئوينىغىلى تۇردى. مەن ئۇنىڭغا پەقەت «ئۇنىما» دېگەندىن باشقا ھېچنەرسە دېيەلىمىدىم. دېگەندەك ئەتىسىدىن باشلاپ ئۇ مەكتەپكە كەلمەي قويدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خۇددى بىر نەرسەمنى يوقىتىپ قويغاندەك بىئارام يۈردۈم.

بىر كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋاتسام، يولدا گۈلخۇمارنىڭ مەھەللىسىدىكى پاتەك سېكىلەك ئۇچراپ قالدى. مەن ئۇنىڭدىن گۈلخۇمارغا خەت كىرگۈزگەنىدىم. شۇڭا ئالدىراپلا ئېرىق بويىغا باردىم:

— قانداق بولدى ئۇكام؟— دېدىم ئۇنىڭغا ئالدىراپلا تەقەززالىق بىلەن.

— گۈلخۇمار ئاچام ئەمدى سىزنى ئاۋارە بولمىسۇن، يەنە مېنى ئىزدەپ ئاھانەت تېپىپ بەرگۈچى بولمىسۇن، —دەيدۇ دەپلا مەن كىرگۈزگەن خەتنى قولۇمغا تىقىپ قويدى. مەن ئىزىمدا قېتىپلا قالغانىدىم. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆزۈمنى بەزلەپ كەلگەنىدىم. ماناۋ ئەمدى ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇنداق دېگەنلىكىنى پەقەتلا چۈشىنەلمىدىم. نەچچە كۈنگىچە خارامۇشلا يۈردۈم. مەكتەپكىمۇ بارماي تام تۈۋىدە خىيالغا پېتىپ كۈننى كەچ قىلىدىغان بولدۇم.

بىر كۈنى يەنە شۇنداق ئولتۇرسام قوۋاش يېنىمدا پەيدا بولدى.

— ئەجەب شۈكلەپ قالدىڭىيا؟— سوردى ئۇ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغاچ، — كۆكىدىن بىر تال شورىۋالەۋە،— ئۇ شۇنداق دېگەچ قولىدىكى موخۇركىنى تەڭلىدى. مەنمۇ خۇددى شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك كاپلا قىلىپ ئالدىم — دە، بولۇشىغا شوراشقا باشلىدىم. يۆتىلىپ كۆزلىرىمدىن ياش قۇيۇلۇپ كەتتى، ئەمما تاشلىمىدىم. شۇنىڭ بىلەن تاماكاماكا ھەمدەرد بولدى. شۇ كۈنلەردە قوۋاشتىنمۇ كۆڭلۈم غەش بولىدىغان گەپلەرنى ئاڭلىدىم.

— گۈلخۇمار ھۆسەن كۆكچى بىلەن ئۇچرىشىپ يۈرەرمىش ئاداش،— دېدى قوۋاش بىر كۈنى تام تۈۋىدە ئولتۇرغاندا، — قىزبالا دېگەنگە ئىشەنگىلى بولامدۇ دەيسەن. قويە سېنى، شۇنچىلا تام يۆلەيدىغان بوپ كەتكىنىڭنى دېسەمزە...

— كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟— سورىدىم ئۇنىڭغا مىختەك قادىلىپ، — يالغاننى دەپ كەلسەڭ مەندىن رەنجىمە.

— مەھەللىدىكىلەردىن ئاڭلىماي نەدىن ئاڭلايتتۇق.

مەن ئورنۇمدىن دەس تۇردۇم — دە، پاتەك سېكىلەكنى تېپىپ ئىشىنىڭ تەكتىنى ئېنىقلىماقچى بولدۇم.

— «ئىزلىمىسۇن دېسەم يەنە يۈزىنى داپتەك قىلىپ كەپتىما؟ كۆزۈمدىن يوقالسۇن» دەيدۇ جۇما، — دېدى سېكىلەك گۈلخۇمارنىڭ ئۆيىدىن بىردەمدىلا چىقىپ تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ تۇرۇپ. «خەپ» تىن مىڭنى دېدىم، شۇ ئاچچىق بىلەن پادامنى ھەيدەپ جاڭگالغا چىقىپ كەتتىم — دە، يېگانە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدىم. «ئۆچ ئېلىش» دېگەن خىيال كاللامدىن بىردەممۇ نېرى كەتمىدى. پىلاننى پۇختا تۈزۈپ، ھەسەن كۆكچىدىن ئۆچۈمنى ئالماقچى بولۇپ يۈردۈم، شۇ كۈنلەردە گۈلخۇمار بىرسىدىن خەت ئەۋەتىپ قالدى. ئۇ خېتىدە

ھەممە ئىشتىن خەۋەر تاپقانلىقىنى ئېيت-
تىپتۇ. ئەسلىدە پاتەك ھۇسەيننىڭ ئال-
دىشى بىلەن گۈلخۇمارغا «ئۆمەر سىزنى
ئۇنتۇپتۇ، گۈلخۇمارنى كۆرەرگە كۆزۈم
يوق، ئىشىمنى بۇزمىسۇن دەيدۇ» دەپتۇ.
گۈلخۇمارمۇ مەن بىلەن كۆرۈشۈپ ھەقى-
قىي ئەھۋالنى بىلمەك بوپتۇ - يۇ، ئىلاج
قىلالماپتۇ. ئاتا - ئانىسى ئۇنى زور-
لاۋېرىپتۇ... كېيىن ھۇسەن كۆكچى ۋەدى-
سىدىن يېنىۋېلىپ پاتەككە ئېلىپ بەر-
مەكچى بولغان باش ياغلىقنى ئېلىپ
بەرمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پاتەك بولغان
ئىشلارنى گۈلخۇمارغا ئېيتىپتۇ. ئەمما...

گۈلخۇمارنىڭ ياتلىق بولغان خەۋىرى
ماڭا شۇنداق ئېغىر كەلدىكى، بىر باش
ياغلىقى مېنى مۇشۇ ھالدا قويۇپتۇ. بىر
ئەمەس، يۈز باش ياغلىقى بولسىمۇ
ئېپ بېرەر ئىدىم. ھۇسەن كۆكچىگە،
پاتەك سېكىلەككە... يەنە كىملەرگىدۇر
نەپرەتلەندىم. «بىر باش ياغلىقى...
ئىسسىت» دەيمەن.

شۇ كۈنلا پادىلىرىمنى ھەيدەپ ئۆيگە
قايتتىم. گۈلخۇمارنىڭ بەرگەن ئۇ-
چۇرىغا ئاساسەن ئۇنىڭ بىلەن كۆل بو-
يىدا ئۇچراشماقچى بولدۇم.

كېچە. نەمخۇش شامال، پاقا، چېكەت-
كىلەرنىڭ چىرىلداشلىرى... ئاي ئۆز
كۆكسى بىلەن كۆكنى يېرىپ ئۈزمەكتە،
ئۇنى دەممۇ دەم قارا بۇلۇتلار توسۇۋا-
لاتتى، ئاي بولسا يەنىلا قارا بۇلۇتلار
ئارىسىدىن چىقىشقا شۇڭغۇيتتى...

شۇ ئەسنادا يېنىك ئاياغ تىۋىشى
ئاڭلاندى، مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇر-
دۇم. ئۇ گۈلخۇمار ئىدى. ئۇ ئېسەدىگە-
نىچە كېلىپ ماڭا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ پە-
قەت «مەندىن رەنجىمە، ھەممىسى ئاشۇ
قارانىيەت ھۇسەيننىڭ...» دەپلا بۇقۇل-
داپ يىغلاپ كەتتى. ئاغزىمغا گەپ كەل-
مەيتتى. شۇ ئەسنادا «ھۇ ئەسكى پالاس»
دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ بىر نەچچە كۆ-
لەڭگە بىزگە تاشلاندى. مەن گۈلخۇمار-
نىڭ قولىدىن تارتقىنىمچە يانغا يۈگۈر-
دۈم، ئەمما ئۇ سەل يۈگرەپلا يىقىلدى،
ئۇنى يۆلىدىم، ئەمما ئۇ يەنە يىقىلدى.
ئۇنى ئېلىپ كېتىشكە ئىمكان بولمىدى.
ئۇنىڭ «مېنى ئۇنۇتما» دەپ تىۋۋلىغان
ئاۋازى ئارقامدا قالدى...

شۇ كۈنى ھۇسەن ئۇنىڭ ئوڭ پۇتىنى
ناكا قىپتۇ. مەن شۇ كەتكەنچە يۇرتۇم-
نى، ئاتا - ئانامنى تاشلاپ ياقا يۇرت-
لاردا يۈردۈم. تولا يولدا بولغاچقا، ئۇ-
زۇن ئۆتمەي مەن ئۈرۈمچىگە ماڭىدىغان
بىر شوپۇر بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇ
ئەھۋالىمنى بىلگەندىن كېيىن ئۆزىگە
ياندىشىۋالدى. تاپقان-تەرگەنلىرىنى تەڭ
كۆردۇق. تۆت - بەش يىل بىللە ماڭدىم.

بىر كۈنى سايدا بىز بىر كىچىك
ماشىنىنى ئۇچراتتۇق. ماشىنا بۇزۇلغانى-
كەن. شوپۇر كاشىلىنى تاپالمىغاچ ئۇلار
زىمىستان سوغۇقتا بىر كېچە قاپتۇ.
باشلىقىنىڭ جىلىسى تازا تۇتۇپ تۇرغان-
دا بىز ئۇچراپتۇق. ئۇستام مېنى كىچىك
ماشىنىنى رېمونت قىلىپ بېرىشكە بۇي-
رىدى، مەن بىر نەچچە سائەتكە قالمايلا
ماشىنىنى زۇۋانغا كەلتۈردۈم. ئۇلار بىز
بىلەن بىر نىشانغا ماڭغاچقا، مەنزىلگە
كەلگەندە، ئۇلار بىزنى ئىدارىسىغا
تەكلىپ قىلىپ تۇرىۋالدى ۋە خېلى كا-
يىپ مېھمان قىلدى. ئۇ ياق - بۇ ياق
پاراڭ قىلىشىپ، مېنى ئۆزىگە شوپۇر
قىلىۋالىدىغان بولدى. كېيىن مەن ھا-
زىرقى ماشىنامغا ئالماشتىم. ئۆي -
ئوچاقلىق بولۇشقا زادىلا رايىم قويمى-
دى، خۇددى شۇنداق قىلسام، گۈلخۇمارغا
تېخىمۇ يۈز كېلەلمەيدىغاندەك ھېس
قىلدىم. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن گۈل-

خۇمار قەلبىمدە غۇۋالىشىشتا يوق، مېنى تېخىمۇ ئارامسىزلاندۇرىدىغان بولدى...

ھامۇتكام ھېكايەمنىڭ تەسىرىدىنمۇ ئەيتاۋۇر خېلى ئولتۇرۇپ كەتتى-دە، ئېغىر «ئۇھ» تارتقاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

— شۇنداق قىلىپ ئاشۇ قارانىيەت بەختىمگە ئولتۇردى دېگىن ئۇكام. ھوي، سەن كېيىن يۇرتۇڭغا بارمىدىڭما؟

— ياق، ئاتا - ئانامغا خەتۋە باشقا نەرسىلەرنى ئەۋەتىپ تۇردۇم. مەن يېنىپ كەلگەندىن كېيىن ھېلىقى كۈنى ئاخشامدىكى ئىش پۈتۈن مەھەللىگە پۇر كېتىپتۇ. ھۆسەنمۇ يۇرتتا تۇرالماي گۈلخۇمارنى ئېلىپ باشقا ياقلارغا كېتىپتۇ.

— توختا، سەن گۈلخۇمارنىڭ دېرىكىنى قىلمىدىڭمۇ؟ - ھامۇتكام توساتتىن بىلىكىمدىن تارتىپ ئۆزىگە قاراتتى.

— قىلالمىدىغان، ئەمما...

— تاپالمىدىڭ!؟

— ھەئە.

— شۇنداق، سەن ئۇنى تاپالمايسەن، - ھامۇتكامنىڭ كۆزى يىراقلارغا تىكىلگەنىدى.

— بۇ... سىز غەلىتىلا گەپ قىلدىڭىزا ھامۇتكا؟

— تۇۋا، بۇ دۇنيانىڭ غەلىتىلىكىنى دەيمىنا ئۇكام.

— شۇنداق، بۇ دۇنيا ھەقىقەتەنمۇ غەلىتە دۇنيا.

— قويغىنە ئۇكام، غەلىتە دېگىنىڭ بىلەن زادى قانچىلىك غەلىتە؟ بۇنى بىلمەيسەن. ساڭا دېسەم ئۇكام، - ھامۇتكام بىر پەس جىمىپ قالدى، - سەن ھازىر گۈلخۇمارنى تاپساڭ ئىش تېرىپ قويمايدىغانسەن؟

— ياقەي، تېخى ئۇنى ئەمدى نەدىنمۇ تاپاي دەڭە.

— ئۇ بار.

— ئۇغۇ بار، ئەمما نەدە بار دېگەن گەپ.

— مۇشۇ يەردە.

— چاقچاق قىلماڭە.

— چاقچاق قىلغىنىم يوق ئۇكامۇي، ئۇ ھازىر گۈلخۇمار ئەمەس، ئۇنىڭ ئىسمىنى ھۆسەن گۈلمەرەمگە ئۆزگەرتىۋەتكەن. ئۇ مانا مۇشۇ تەكلىماكان گىرۋىكىدىكى كىچىككىنە يېزىدا پاناھلىنىۋاتىدۇ، - ھامۇتكامنىڭ كۆزلىرى يەنىلا يىراقلاردىكى قۇم بارخانلىرى ئۈستىدە ئىدى.

— بۇ... پەقەت مۇمكىن ئەمەس، - مەن ئورنۇمدىن قوزغىلىپ كەتكەنىدىم.

— ياق ئۇكام، مېنىڭ ياشلىقتىن قالغان جاراھەتىم ساڭا ھېسداشلىق قىلىشقا ئۈندىدى. سېنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش يەنە يىگىرمە يىلدىن كېيىن «ئۇنى تاپالمىدىم...» دەپ ھەسرەتلىنىپ يۈرۈشۈڭنى خالىمىدىم، - ئۇنىڭ سۆزى قەتئىي ئىدى.

مەن پۈتۈنلەي ئۆزۈمنى يوقاتقان ھالدا ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ تاشلىدىم.

— نېمە دېدىڭ ھامۇتكا، يەنە بىر دېگىنە، خۇدا ھەققى، خۇش بوپ كېتەي ھامۇتكا...

ھامۇتكام گۈلخۇمار توغرىسىدىكى ئىشلارنى ئاڭلىغانىكەن.

— تۇۋا دەيمەنغۇ ئۇكام، بېرىپ كېلىپ گۈلخۇمار ھەققىدىكى ھېلىقى يىگىت سەن بولۇپ چىققىنىڭنى قارا. شۇڭا دەيمەنغۇ، بۇ دۇنيا زادىلا غەلىتە، - ھامۇتكام مېنى ئولتۇرۇشقا ئۈندىدى، - ئولتىرا ئۇكام، ئولتۇرۇپ ئاڭلا، كېيىنكىنى ئەمدى مەندىن ئاڭلايسەن: شۇ ئىشتىن كېيىن گۈلخۇمارنىڭ ئاتا -

ئانىسى ئۇنى قاتتىق ئۇرۇپتۇ ھەم ئۇنى قوغلاپ چىقىرىپتۇ. كېيىن ھۆسەن بۇيەرنى تاپتى. ئەمما پاختا ئىچىدە ئوت ساقلىغىلى بولمىغاندەك، ئۇلار ھەققىدىكى ھېكايىمۇ تېزلا تارقالدى. ھېلىقى ئاخشىمىدىن كېيىن، گۈلخۇمار كېچىلىرى «ئۆمەر مېنى تاشلاپ كەتمە» دەپ جۆيلۈپ تۇرۇپ كېتىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ھۆسەنمۇ زېرىكمەي سوراق قىلىپ ئۇرۇۋېرىپتۇ. ھۆسەن ھەر قېتىم سوراق قىلغىنىدا، گۈلخۇمار: «ئۆمەرنى قەلبىمدىن ھەرگىز چىقىرالمايمەن» دەپ قەتئىي جاۋاب بېرەلەيدىكەن. بىر مەھەللىدىكى ئاياللار ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، سېنىڭ دېرىكىڭنى قىلىپمۇ باقتى، ئەمما ئالالمىدى. مانا، سەن ئۇشتۇمتۇتلا ماشىنا ھەيدەپ كەپ قالدىڭ. بۇمۇ تەقدىر، ھەممىسى تەقدىر، ئۇنىڭ ھازىر ئىككى قىزى بار، ئۇلار بىر - بىرىدىن چىرايلىق، شۇنىسى سەن ئەمدى قارىلىق قىلىپ گۈلخۇمارنىڭ قەلبىگە يەنە جاراھەت سالما.

— كارىم يوق، - دېدىم ھامۇتكامنىڭ سۆزىنى بۆلۈپلا، - مۇشۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرسەم گۈلخۇمارغا ئۆمۈر بويى يۈز كېلەلمەيمەن، ئۆمۈر بويى ئازابتا، پۇشايماندا قالىمەن ھامۇتكا، بۇنى بىلەمسىز؟ شۇنچە يىل دېرىكىمنى قىلالمىغان گۈلخۇمار مانا مۇشۇ يېزىدا ئىكەن، مۇشۇ تەكلىماكان گىرۋىكىدىكى كىچىككىنە يېزا ئۇنى ئۆز پاناھىغا ئاپتۇ. ئېيتىڭا ھامۇتكا، ئۇ تىنچ-ئامانمۇ؟ بۇ تەقدىرنىڭ مېنى مۇكاپاتلىغىنىمۇ ياكى جازالىغىنىمۇ؟ - مەن ھامۇتكامنىڭ مېنى تۇتۇۋالغان بېجىرىم قوللىرىنى سىلكىدىم، - مېنى قويۇۋېتىڭ، مەن ئۇنى ئەكېتىمەن، مەن ئۇنى پۈتۈنلەي قانۇنىي يول بىلەن ئەكېتىمەن. ئۇنىڭ يەنە خورلۇق ئىچىدە ياشىشى، مەن ئۈچۈن تەگسىز ئازاب...

مەن ئارقامغا بۇرۇلۇپ يېزا تەرەپكە يۈگۈردۈم. بۇ چاغدا، شەرق ئاسمىنى بېلىق قورسىقىدەك ئاقىرىشقا باشلىغانىدى.

---

(بېشى 22 - بەتتە)

— مانا دېمىدىممۇ، سەن مىس باش ئۆزۈڭنى دائىم چۈشۈپلىپ يۈرۈيسەن، كاللاڭنى دەرسكىلا ئىشلەتمەي، ھانا مۇنداق يەرلەرگىمۇ ئىشلىتىپ قوي. قارا، ئاتكىرىتكىدىكى ئۇقۇياشنى يا ئەتىگەنگە، ياكەچكە تەئەللۇق دېيەلمەيسەن. مېنىڭچە بولسا، ئۇ سەھەردىكى قۇياش. مەن شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئولتۇرۇۋاتقان قۇياش، يەنى كەچكى شەپەق. ئۇنداق بولسىمۇ مەيلى، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىلا گۈزەل، چۈنكى ھەممىسى بىر قۇياش، پەقەت ئورنىلا يۆتكىلىدۇ. ئەمدى ئۇ دېڭىز بويىدىكى قىزغا كەلسەك، ئۇ ھەقىقەتەن يالغۇز. ئۇنىڭ نېمىشقا يالغۇز يۈرۈيدىغانلىقىنى مەنمۇ بىلمەيمەن. لېكىن ئۇ ھامان بىر نەرسىگە موھتاج ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، شۇنى ئىزدەپ يۈرۈيدۇ. بۇنىڭ ئاخىرىنى ئۆزۈڭ ئويلىۋال ...

ئەمەت قىزنىڭ ئۆز ئاپىسىدەك تەمكىن، ئېغىر - بېسىق قىياپىتىنى كۆرۈپ، يۈرىكىدە پاختىنىڭ ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان چوغدەك ھېسسىياتلار ئوت بولۇپ كۆيدى، پۈتۈن ئەزايى قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ تەسىرىدە جىغىلداپ، تىترەپ كەتتى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

مەلىكە ئوبۇلھەسەن

# تەقدىرنىڭ چاقچىقى

( ھېكايە )

ئىشخانامدا ھۆججەت كۆرۈپ ئولتۇراتتىم، ئىشىك چېكىلدى.

— كىرىڭ.

ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ بىرسى كىرىپ كەلدى. مەن ماتېرىياللاردىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىغىنىمچە ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇ مېنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم بەكرى ئىدى.

ئۇ ماڭا يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇراتتى.

ئىشخانا ئىچى ئادەم چىداپ تۇرغىلى بولمايدىغان بىر خىل سۈكۈتكە چۆمدى.

— قېنى بۇياققا ئۆتۈپ ئولتۇرۇڭ بەكرى، — مەن ئۇنىڭغا ئۈستەلنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقنى كۆرسەتتىم. ئۇ ماڭا رەھمەت ئېيتىپ كۈلدى. لېكىن ئۇنىڭ كۈلكىسى پەقەت قولاشماي قالدى. مەن بەكرىنىڭ كىرپىنىڭ تىكەنلىرىدەك ئۆسۈپ كەتكەن ساقال - بۇرۇتلىرىغا تىكىلگىنىمچە بۇنىڭدىن توققۇز يىل مۇقەددەم ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوقۇۋاتقان چاغدا بولۇپ ئۆتكەن كىچىككىنە بىر ئىشنى — مېنىڭ ھازىرقى ئورنۇمغا ئىگە بولۇشۇم ئۈچۈن، غەيرەت ۋە جاسارەت ئاتا قىلغان ئاشۇ ئىشنى ئەسلەپ قالدىم.

× ×

1987 - يىلى كۈزدە تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ ۋىلايەتلىك ئالىي سىفەن تېخنىكومى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغانىدىم. دەل ئۆزۈم قىزىققان كەسىپكە قوبۇل قىلىنغىنىمدىن قىنىقىمغا سىغماي قالغانىدىم.

مەن مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن بارلىق زېھنىم ۋە ئىرادەمنى تىرىشىپ ئۆگىنىشكە قاراتتىم. باشقا ساۋاقداشلىرىم بازار ئايلانغان ۋە كۆڭۈللۈك ئويناۋاتقان ۋاقىتلاردا دائىم كۇتۇپخانىغا كىرىپ كىتاب كۆرەتتىم، خاتىرە يازاتتىم. كىتاب مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ ياخشى دوستۇم ۋە سىرداشىم بولۇپ قالغانىدى. بەزىدە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ئانچە - مۇنچە بىر نەرسىلەرنى يېزىپمۇ قوياتتىم. بىر نەچچە گېزىت - ژۇرناللاردا بىر قىسىم ھېكايىلىرىم ئېلان قىلىنغانىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ كەسىپكە بولغان بېرىلىشىم، كەسپىمنى سۆيۈشۈم، تىرىشچان ۋە كەمتەرلىكىم بىلەن تەبىئىي ھالدا ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنىدىم.

مەن شۇ چاغلاردا سىنىپ ھەيئەتلىك خىزمىتىنى ئىشلەۋاتاتتىم. گەرچە بۇ خىزمەت بىر يۈك ھېسابلانمىسىمۇ، ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلىرىمنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن بۇ يۈكنى تاكى ئوقۇش پۈتتۈرگىچە كۆتۈرۈشكە رازى ئىدىم. خىزمەتنى پىرىنسىپ بويىچە ئىشلەيتتىم.

ھەش - پەش دېگۈچە ئىككى يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇ ئىككى يىل جەريانىدا بەزى بىر ساۋاقداشلىرىم ماڭا «قى-

زىل بايراق» دېگەن شەرەپلىك نامىنىمۇ قويۇپ ئۈلگۈرگەنىدى.

ئەگەردە مەن تىزىملەردە چىڭراق تۇرۇۋالسام، ئۇلار «جەۋلان قىلار قىپقىزىل بايراق... » دېگەنىدەك سۆزلەر بىلەن مېنى مەسخىرە قىلاتتى.

ئايرىم ساندىكى ئوغۇل ساۋاقداشلىرىم دەرس ۋاقتىدىكى ئويۇن-تاماشىغا شارائىت يارىتىپ بەرمىگەنلىكىم ئۈچۈن مەندىن خاپا بولسىمۇ، لېكىن ساۋاقداشلىرىمنىڭ كۆپىنچىسى مېنىڭ پرىنسىپتا چىڭ تۇرغانلىقىمنى ياقتۇراتتى.

بىر كۈنى بەكرى كەچلىك مۇزاكىرىدە رۇخسەت بېرىشىمنى ئۆتۈندى. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئادىلە، بۈگۈن كەچتە مۇھىم بىر ئىشىم چىقىپ قالغانىدى. رۇخسەت بېرەمسىز؟ -دېدى.

— قانداق مۇھىم ئىش ئۇ؟ دېسەم-دېمىسەم تانسىخانىغا قاترايدىغانسىز ھەقىچان؟

— ئۇنداق ئىش يوق ئادىلە، ئەمما سىزگە دەپ بېرەلمەيمەن، ئىشقىلىپ ئەڭ مۇھىم ئىش.

— ئەمىسە، سەۋەبىنى ئېيتمىسىڭىز سىزگە رۇخسەت بېرەلمەيمەن بەكرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر دېگەن ئىمتىھان ۋاقتى، بولسا زېھنىڭىزنى يىغىپ ئۆگىنىش قىلىڭ! رۇخسەت تەمەسىدە بولماڭ!

ئۇ مېنىڭ قەتئىي ئىپادەمنى كۆرۈپ، ئەسلىدىكى ئېغىر-بېسىق مىجەزى ئۆزگىرىپ بىردىنلا ماڭا غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— ئادىلە! سەن قايسى ھالىڭغا يوغانچىلىق قىلىسەن؟ سىنىپ باشلىقى دېگەن قانچىلىك ئەمەل ئىدى ئۇ؟ تىرناقتا توختىمايدىغان ھوقۇقىڭنى ماڭا ئىشلىتەمسەن؟ سەن ھازىر ئاشۇ كىچىككىنە ئەمەل تاجىڭ بىلەن بىزنى يالۋۇرتتۇم دەپ مەغرۇرلانما! سەن دېگەن بەرىبىر قىز بالا، كېيىن كۆرىمىز تېخى. ھامىنى ئەرلەرنىڭ تاپىنىدا ئۆمىلەپ يۈرىسەن شۇ!...

ئۇنىڭ كېيىن نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى، يېنىمدىن قانداقلارچە كېتىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمىدىم. ئۇنىڭ ئىككىمىز شۇنداق يېقىن تۇرۇپ، بۇنداق گەپلەرنى قىلىشىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدىم. بېشىمغا تۇيۇقسىز بىر مۇشت تەگكەندەك بىردەمگىچە مەڭدەپ تۇرۇپ قالدىم. ئارقىدىنلا كۆز ياشلىرىم خۇددى تاشقىنلىغان دەريادەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى. بۇ مېنىڭ ئەقلىمگە كەلگەندىن بېرى دۇچ كەلگەن ئەڭ قاتتىق خورلۇق ۋە ئازاب ئىدى.

مەن ئوغۇللارنىڭ قىزلارنى «قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، ھەرقانچە ئىرادىلىك قىزمۇ ئاقىۋەت ئوغۇللارغا تايىنىپ ياشايدۇ» دېگەندەك گەپلىرىنى بەك ئۆچ كۆرەتتىم. ئۆزۈمگە ھەددىدىن زىيادە ئىشەنگەنلىكىم ئۈچۈن، بەكرىنىڭ مېنى بۇنداق كۆزگە ئىلماسلىقى قاتتىق غەزىپىمنى كەلتۈرۈۋەتتى.

قىزلارنىڭ ئوغۇللاردىن نەرى كەم!

قىزلار كۈچ جەھەتتە ئوغۇللاردىن ئاجىز بولغىنى بىلەن، غەيرەت، ئىرادە ۋە ئەقىل جەھەتتە، ئوغۇللاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان قىزلار كۆز ئالدىمىزدا بارغۇ!... بەكرى بىلىپ قوي! مەن ھەرگىزمۇ ئەرلەرنىڭ ئايىغىدا ئۆمىلەپ يۈرمەيمەن! كىم-كىمنىڭ ئايىغىدا ئۆمىلەيدىغانلىقىنى كېيىن كۆرىسەن تېخى!

شۇنىڭ بىلەن قەلبىمدە يېڭىچە بىر خىل ياشاش ئىرادىسى پەيدا بولدى.

كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە تۆت يىللىق ئوقۇش ھاياتىمىزمۇ ئاخىرلىشىپ قالدى. مەن خىزمەت ئېھتىياجى ۋە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ تەقسىماتى بىلەن ناھىيىلىك ئۈچىنچى ئوتتۇرا مەكتەپكە ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەقسىم قىلىندىم. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ تەشكىل مېنى مائارىپ ئىدارىسىغا يۆتكىدى. مەن شۇ چاغلاردا بارلىق زېھنىمنى خىزمەتكە ئاتىۋەتكەنىدىم. تىنىمسىز ئىشلەيتتىم. ئۆز تۇرمۇشۇمنى، توي ئىشلىرىمنى ئويلاشقا ۋاقتىممۇ يوق ئىدى. گەرچە جاپا تارتسامۇ خىزمەتتە نەتىجىگە ئېرىشسەم، باشقىلار ئۈچۈن ئۆز ئەجرىمنى سەرپ قىلسام، بۇ مەن ئۈچۈن ئەڭ چوڭ بەخت ھېسابلىناتتى. ئۇششاق سۆز ئادەملەرنىڭ ئارقامدىن تاپقان پىتنە - پاسات، سۆز - چۆچەكلىرى، ئاتا - ئانامنىڭ مېنىڭ تۇرمۇش ئىشلىرىم توغرۇلۇق ماڭا نەسىھەت قىلىپ كايىپ كېتىشلىرى ماڭا ئانچە تەسىر قىلالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تەشكىل مېنى دەممۇ - دەم ئۆستۈردى.

مانا ھازىر مائارىپ ئىدارىسىدا ئىدارە باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتاتتىم...

× ×

مەن بەكرىگە قارىدىم. ئۇنىڭ ئىلگىرىكى شوخلۇق بالقىپ تۇرىدىغان قاپقارا كۆزلىرىدە نېمىگىدۇر خىجىللىق، ھەسرەت ئىپادىلىرى ئەكس ئېتەتتى. تېخى ئوتتۇزغا بارمايلا كۆز جىيەكلىرىگە ئىنچىكە قورۇقلار ئىز سالغانىدى. مېنىڭ ئۇنىڭغا قاراپ ئىچىم سىيرىلىپلا كەتتى. قەلبىمدە ئۇنىڭغا بولغان نەپرەتنىڭ سايىسىمۇ قالمىغانىدى. چۈنكى ئۇ مېنى كەمسىتكەن، «سەن بەربىر قىز» دېگەن بولسىمۇ، ئاشۇ سۆز مېنى ئالغا ئىنتىلدۈرۈپ، ماڭا كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلغانىدى.

— ئېيتىڭا بەكرى، سىزنى بۇ يەرگە قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، قەيەردە ئىشلىدىڭىز؟

بەكرى ئۈندىمەستىن يانچۇقىدىن تاماكا ئېلىپ ئوراشقا باشلىدى.

ئۇنىڭ تاماكا ئوراۋاتقان قوللىرى دىر - دىر تىترەيتتى.

ئۇ تاماكىنى كۆچەپ شورىغاندىن كېيىن ماڭا قارىدى.

— قاراتام يېزىسىدا.

— قاراتام...، — مەن ھەيران بولۇپ ئۇنىڭدىن ياندۇرۇپ سورىدىم.

قاراتام ناھىيە مەركىزىدىن ئىككى يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، خىزمەت شارائىتى ناچار، قاتنىشى كەمچىل تاغلىق يېزا ئىدى.

— خىزمەتكە چىقىپ ئىككىنچى يىلى دادام ئۆلۈپ كەتتى، — دېدى ئۇ ئېغىر خورسىنغان ھالدا، — قاتناش بولمىغاچقا دادامنىڭ تىرىك يۈزىنى كۆرەلمىدىم. ھازىر ئۆيدە پەقەت كېسەلچان ئانىملا بار. ھەر قېتىم كەلسەم، ئۇ ماڭا ئېسىلىپ زار - زار يىغلايدۇ. خىزمەت ئورنۇمدا «ئانام قانداقراق تۇرىدىكىن» دېگەن ئەندىشە بىلەن يۈرىكىم سۇ بولۇپ كېتىدۇ. يۆتكىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن قېتىم ئىلتىماس يازدىم. بىراق ھېچبىر ئۇچۇر يوق. ئىلتىماسىمنىڭ قايسى كىشىنىڭ تارتىمىسىدا توپا بېسىپ ياتقانلىقىنى بەلكىم خۇدا بىلەر. مەن مۇشۇ ھالدا خىزمەتنى قانداق ئىشلەيمەن، ئاجۇيجاك...

بەكرى سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي ئۈستەلگە بېشىنى قويۇپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى.

مەن گەرچە كىنو - تېلېۋىزورلاردا ئەرلەرنىڭ يىغلىغانلىقىنى تولا كۆر-

گەن بولسىمۇ، لېكىن رېئال تۇرمۇشتا ئەرلەرنىڭ بۇنداق ئېچىنىشلىق يىغلىشىنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى. بەكرىنىڭ كۆز ياشلىرىنى كۆرۈپ يۈرىكىم ئېزىلىپ كەتكەنىدى. تۆكۈلەي دەپ قالغان كۆز ياشلىرىمنى تەستە يوشۇردۇم.

— خاتىرجەم بولۇڭ بەكرى، سىز تاغلىق يېزىدا بىر نەچچە يىل جاپالىق شارائىت ئاستىدا خىزمەت قىلىپسىز. سىزنىڭ ئانىڭىزنىڭ يېنىغا كېلىپ خىزمەت قىلىدىغان ۋاقتىڭىزمۇ بولۇپ قاپتۇ. مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە يۆتكىلىش رەسمىيەتلىرىڭىزنى بېجىرەيلى؛ مەن باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن سىزگە خەۋەر قىلىمەن.

— مېنى كەچۈردىڭىزمۇ ئاجۇيجاڭ؟ — بەكرىنىڭ كۆزلىرىدىن ئۆز يېشىغا زادى ماس كەلمەيدىغان بالىلارچە بىر خىل خۇشاللىق چاقناپ كەتتى.

— بەكرى، نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭىز؟ بىزنىڭ ئارىمىزدا كەچۈرمەسگىدەك چوڭ بىر كۆڭۈلسىزلىك بولغىنى يوققۇ!

ئۇنىڭ سەل قارامتۇلراق كەلگەن سوزۇنچاق يۈزلىرى شەلپەردەك قىزاردى.

— ئايالىڭىز ...؟ — سوئالىمنىڭ ئايىغى چۈشمەيلا ئۇ ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى.

— ئاياليم!؟ ... ئاياليم ...

ئۇ، بۇ بىر ئېغىز سۆزنى نەپرەتۋە ھەسرەت بىلەن تەكرارلىدى.

— ئا جۇيجاڭ، ئىككىمىز مەكتەپتە بەكمۇ ياخشى ئۆتكەنىدۇق. مېنى ھەممىدىن بەكرەك چۈشىنىدىغان ئادەم سىز ئىدىڭىز. نەچچە يىلدىن بېرى بۇ ئىشلارنى ئويلىسام سىزگە ھەققەتەن يۈز كېلەلمەيدىغاندەك ھېس قىلىمەن. ئېسىڭىزدە باردۇ؟ سىزنى تۇنجى قېتىم رەنجىتكەن ئاشۇ كۈنى، مەن يۈرگەن گۈلنىگار دېگەن قىز پراكتىكىغا ماڭماقچى ئىدى. سىزنى كەچتە ئۆزۈم ئۇزىتىپ بارىمەن دەپ ۋەدە قىلغانىدىم، لېكىن مەن كەينى سىزگە ئېنىق قىلمىغانلىقىم ئۈچۈن، سىز ماڭا رۇخسەت بەرمىدىڭىز. شۇ كۈنى مەن ئۇنىڭ بىلەن ۋەدىلەشكەن جايغا بارالمىغانلىقىم ئۈچۈنلا ئۇ مېنىڭ شۇنچە چۈشەندۈرۈشلىرىمگە پەرۋامۇ قىلمىدى. كېيىن مەن ئۇنىڭغا نۇرغۇن خەت يازدىم. ئۇنىڭ مېنى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم، لېكىن بىر يىلغىچە ئۇنىڭ بىرەر پارچە جاۋاب خېتىنىمۇ تاپشۇرۇپ ئالمىدىم.

كۈنلىرىم بىر خىل سېغىنىش، بۇرۇقتۇملۇق ئىلكىدە ئۆتتۈۋاتاتتى. بىر يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ ماڭا يازغان بىز ئايرىلغاندىن كېيىنكى تۇنجى خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇ خېتىدە:

«بەكرى، مېنىڭ توي قىلغىنىمغا ئۈچ ئاي بولدى. بۇ توي ئۆز رازىلىقىم بىلەن بولغان، مەنھازىر ناھايىتى بەختلىك، يولدىشىم مالىيە ئىدارىسىدە ئىشلەيدۇ. ئەگەر مېنى بەختلىك بولسۇن دېسىڭىز، بۇندىن كېيىن مېنى تولا ئاۋارە قىلىپ خەت يېزىپ يۈرمەڭ» دەپتۇ.

ھەي نېمە دېگەن باغرى تاش قىز بۇ! ئىلگىرى قىلغان ۋەدىلىرىنى ئۇ پاك ـ پاكىز ئۇنتۇپ كەتكەنمىدۇ؟ ياكى مېنىڭ ئۆزىنى زادى قانچىلىك دەرىجىدە ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن قىلغان ھىيلىسىمىدۇ؟ ئەگەر ئۇ مېنى سىناپ بېقىشنى ئويلىسا، ئۇنىڭغا بىر يىلدىن بېرى يۈرەك ـ باغرىمنى تۆكۈپ يازغان، سەمىمىي مۇھەببەت بىلەن تولغان خەتلىرىمدىن، ئۆزىگە بولغان پاك سۆيگۈمنى بىلىۋالغان بولاتتىغۇ! ئەجەبا، بىرسىنى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرگەن ئادەم شۇنچە تېز ئۇنتۇپ كېتەرمۇ؟ ئۇنىڭ ماڭا بۇ خەتنى يېزىشى زادى نېمە ئۈچۈن؟ نېمە ئۈچۈن... ؟

گۈلنىگار ... ھەي گۈلنىگار، قەلبىمگە ئىشق سەۋداسى سېلىپ قويۇپ، ئۆزۈڭ يايراپ يۈرەمدىغانسەن؟

كۆزلىرىمدىن تۆكۈلگەن ئاچچىق ياشنىڭ مەڭزىمنى ھۆللىگەنلىكىنى سەزدىم. شۇ كۈنى ھاراقنى بولدى دېگۈچە ئىچىپ، تۈنجى قېتىم قانغۇچە يىغلىدىم. لېكىن كۆڭلۈمدە ھامان ھېلىقى خەتكە تېخىچە ئىشەنمەي يۈرەتتىم، ئۇنى ھەرگىز توي قىلمىدى دەپ ئويلايتتىم، ئۇنى تېخىمۇ ياخشى كۆرەتتىم ...

ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئىككىنچى يىلى شەھەرگە كىرگىنىمدە ئۇنىڭ بىلەن تاسادىپىي كوچىدا ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ بۇدرۇققىنە بىر بالىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. كۆزلىرىمىز ئۇچراشتى، ئاھ، نەچچە يىلدىن بېرى مەن ۋەسلىگە يېتىشنى ئارزۇ قىلغان سۆيۈملۈك قىز ... خۇشاللىقتىن يۈرىكىم يېرىلىپ كەتمىدى. ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدىم. ئۇ بىردەمگىنە تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئاندىن مېنى مەنسىتمىگەندەك، چىرايلىق لەۋلىرىنى ئاچچىق پۈرۈشتۈرگىنىچە كېتىپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا پەرىشانلىق ۋە نەپرەت بىلەن قارىغىنىمچە تۇرۇپ قالدىم. ئۇنىڭ نېمىشقا بۇنداق قىلىدىغانلىقىنى تا ھازىرغىچە ئۇقالمايۋاتىمەن ...

ئۇ ئاران - ئاران ئاڭلانغۇدەك سۆزلەيتتى، تاماكىسىنى كۈچەپ شورايتتى. قويۇق كىرپىكلىرى قورشاپ تۇرغان چوڭ كۆزلىرىدىن ئېقىپ تۈگەتكۈسىز بىر قايغۇلۇق ئەسلىمە تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

— سىز ھازىرغىچە توي قىلماي يۈرۈۋاتامسىز؟ ...

— شۇنداق ... بۇنداق بەخت ماڭا نېسىپ بولمىدى. سىزچۇ ئاچۇجاڭ؟ پەشلىرىڭىزنى كىر قىلىپ ئويناپ يۈرىدىغان ئوماق باللىرىڭىز باردۇ - ھە؟ ...

ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتىم. مەن ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلمەي قالغانىدىم. ئاخىرى ئۆزۈمنى تۇتىۋېلىپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە جۈرئەتلىك ھالدا قارىدىم.

— بەكرى، سىزدىن يوشۇرمايمەن، ئىلگىرى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا بىرىسىنى چىن قەلبىمدىن ياخشى كۆرەتتىم. لېكىن ئۇ مېنى ئۆز سىڭلىسىدەك ياخشى كۆرەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۆزۈم بىرەرىنى ياخشى كۆرەلمىدىم. ياخشى كۆرمىگەن ئادەم بىلەن تۇرمۇش قۇرغاننىڭ نېمە پايدىسى ... ؟ شۇڭا ھازىرغىچە تەنھا ئۆتۈۋاتىمەن. مېنى كەچۈرۈڭ بەكرى، مەن سىزنىڭ بەختىڭىزنى ۋەيران قىلغان ئىكەنمەن! ...

— ياق! ياق، ئاچۇجاڭ ھەرگىز بۇنداق دېمەڭ، بۇ تەقدىرنىڭ چاقچىقى ئوخشايدۇ! لېكىن بۇ چاقچاقنىڭ مۇساپىسى بەك ئۇزۇن، سالمىقى بەك ئېغىر بولۇپ قالدى شۇ! ...

بەكرىنىڭ كۆزلىرى بىلەن كۆزلىرىم ئۇچرىشىپ قالدى.

— ئا ... جۇيجاڭ، مېنى كەچۈرۈڭ، مەن ...

مەن قوللىرىم بىلەن بەكرىنىڭ ئېغىزىنى ئېتىۋالدىم.

— ياخشى، سىز مېنى بۇرۇنقىدەكلا ئادىلە دەۋېرىڭ. مەن سىزنى ئاللىقاچان كەچۈرگەن. پەقەت سىز مېنى كەچۈرسىڭىزلا ...

ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە تىكىلگىنىمىزچە ئۈنسىز تۇرۇپ قالدۇق. ئىشقىلىپ مەن نېمىلا بولمىسۇن ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن ئادەمگە ئېرىشكەنىدىم. ھەر ئىككىلەننىڭ كۆزلىرى يالقۇنلۇق مېھىر - مۇھەببەتكە تولۇپ، خۇشاللىق ئىلكىدە چاقنايتتى.

بىز ئاشۇ خۇشاللىق چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىمىز ئارقىلىق ناھايىتى كېچىكىپ ئېرىشكەن بۇ بەخت ئۈچۈن بەگباش تەقدىرنىڭ چاقچىقىغا رەھمەت ئېيتماي تۇرالمايتتۇق.

ماھنۇر ئىسمايىل

# خوجامنىڭ رىزقى كەڭرى

(ھېكايە)

— ھە، نېمە گەپتى، — ئۇستەل ئۈستىگە بىر دۆۋە ھۆججەتنى يېيىپ ئولتۇرغان يېزا دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى يۇقىرى گىرادۇسلۇق كۆزەينىكىنى سەل ئاستىغا چۈشۈرۈپ، ئىشخانىغا ئەيمىنىپراق كىرگەن قاسىم ئاخۇنغا كۆلىمىپ قارىدى.

— مۇشۇ داۋالىنىش ھۆججىتىنى...، — قاسىم ئاخۇن خۇددى ئوقۇتقۇچىسى ئالدىدا سوئالغا جاۋاب بېرەلمەي، تەمتىرەپ قالغان ئوقۇغۇچىدەك ھودۇقتى.

— ھە، يەنە شۇ داۋالىنىش ھۆججىتىمۇ؟ ھازىر دوختۇرخانىمىزدا پۇل يوق. بىر مەزگىل توختاپ ئاندىن كەلسىلە، شۇ چاغدا بىر نەرسە دېيىشەيلى.

— ماقۇل، ماقۇل، بولسىمۇ ئايالىمنىڭ جېنى ئامان - ئېسەن قالغىنىغا شۈكرى قىلىپ، بۇنداق كېلىۋەرمىسەم بولاتتى. بىراق ئۆيدە پۇلغا يارايدىغانلىكى ھەممە مال - بىساتلىرىمنى سېتىپ، ئايالىمنى شەھەرلىك دوختۇرخانىدا داۋالاتتىم. بولدى دېگۈچە قەرزگە بوغۇلدۇم. ئۆيدە چۆچۈرىدەك ئالتە بالام بار. شۇنداق بولغاچ، بىز دېھقانخەق سىنتىغا چاغلىق نەرسە بولسىمۇ كۆزىمىزگە سۈرتكىدەك بولىدىكەنمىز. كەنتتىن ھەمكارلىشىپ داۋالاشقا قاتناشقانلار يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارغا بېرىپ داۋالانسا داۋالىنىش پۇلىنى يېزا دوختۇرخانىدىن ئىمگە بولۇپ بېرىدۇ دېگەننى ئاڭلاپ، يۈزۈمنى داپتەك قىلىپ يەنە ئالدىلىرىغا...

— ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشقا قاتناشقانمۇ؟

— بىزنىڭ ئائىلىدىن سەككىز نوپۇسنىڭ ھەممىسىنىلا قاتناشتۇرغان، ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش كىنىشكىسىمۇ بار، مانا...

— ھە، دېدىمغۇ ھازىر دوختۇرخانىمىزدا پۇل يوق دەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر نەچچە كەنتتىن ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش پۇلىنى تېخىچە ئالالمايۋاتىمىز.

— سىلى دېگەندەك بولسۇن يۇەنجاڭ، كەنتتىن مېنى تاشقىرى ئەمگەك دەپ ھەيدەپ، ئايالىم شۇنداقلا قالغانىدى. بالىلىرىم تېخى كىچىك...، — قاسىم ئاخۇننىڭ گېپى تۈگىمەستىلا، ئىشىكنىڭ تەكەللۇپسىز ئېچىلىشى بىلەن ئىشخانىغا سېمىزلىكتىن ئېڭەكلىرى قاتلىشىپ، كۆزلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن، پاكار بوي، دىقماقىنە كەلگەن بىر ئادەم كىرىپ كەلدى.

تۇيۇقسىزلا كىرگەن بۇ مېھماننى كۆرۈپ، قاسىم يۇەنجاڭنىڭ باياتىنقى مۇز قاپلىغان چىرايى بىردىنلا ئاپتاپپەرەستەك ئېچىلدى ۋە دەرھال مېھماننى ياندىكى كرېسلوغا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، ئالدىغا چاي قۇيۇپ ئۈلگۈردى. يۇەنجاڭنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتى ۋە تەكەللۇ-

www.uyghurkitap.com

پىغا مۇيەسسەر بولغان بۇ ئەزىز، مۇشۇ يېزىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تالىپ شاڭجاڭ ئىدى.

— ھە، ئا يۈەنجاڭ، سالامەتچىلىكتۇ، — دېدى يېزا باشلىقى تەمەننا سىڭىپ كەتكەن بىر خىل كۈلكە بىلەن.

— تىنچلىق، ھەر قايسىلىرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن يامان ئەمەس تۇرۇۋاتىمىز. قانداق، ساق - سالامەت قايتىپ كەلدىلىمۇ؟ ھاردۇق سورىغىلى ئالدىلىرىغا بېرىپ بولغىچە ئادەمنى خىجىل قىلىپ، ھى... ھى... ھى...

— مانا كۆرۈشتۇققۇ، ماۋۇ داۋالىنىش ھۆججىتىنى بىر تەرەپ قىلىۋەتسىلە. — يېزا باشلىقى قولىدىكى ھۆججەتنى ئۈستەل ئۈستىگە پاققىدە تاشلىدى. ئۇنىڭ ئايالى يېقىندا «سۆڭەك ئۆسمىسى» كېسىلى بىلەن ئاغرىپ قېلىپ، ئۈرۈمچىگە چىقىپ داۋالىنىپ كەلگەنىدى.

دوختۇرخانا باشلىقى ئۆز يېشىغا ماس كەلمىگەن بىر خىل چاققانلىق بىلەن داۋالىنىش ھۆججىتىنى قولىغا ئېلىپ سىنچىلاپ كەتمەيلا ھۆججەتنىڭ ئاستىغا «چىقىم قىلىپ بېرىلسە بولىدۇ» دېگەن خەتلەرنى دىدىللىق بىلەن يازدى.

— توپتوغرا يىگىرمە بەش مىڭكوي ئىكەن، ھەممىنى كۆتۈرۈۋەتتىم، ھى... ھى... ھى...

— ھە راست، مانا ماۋۇ ئايروپىلان بېلىتى، ماۋۇ دوختۇرخانىدىن بەرگەن تاماق ۋە ياتاق بېلىتىنىڭ ھۆججىتى، بۇنىمۇ قوشۇۋەتسىلە. — تالىپ شاڭجاڭ بىر خىل بۇيرۇق تەلەپپۇزى بىلەن يانچۇقىدىن چىققان بارلىق قەغەزلەرنى دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ئالدىغا تۆكتى.

— ھى... ھى... ھى... بولىدۇ، مانا ھازىر، سىلىنىڭ داۋالىنىش چىقىملىرىنى كۆتۈرۈۋەتمىسەك كىمنىڭكىنى كۆتۈرىمىز شاڭجاڭ.

دوختۇرخانا باشلىقى يەنە نېمىلەرنىدۇ يازماقچى بولىۋىدى، تالىپ شاڭجاڭ ئۇنى يەنە توختاشقا بۇيرىدى.

— ئايالىم گەرچە ئائىلە ئايالى بولسىمۇ، ئۇنى خەۋەر ئېلىپ كۈتۈشكە يەنە بىر ئادەم بىرلىكتە ماڭدۇق. شۇڭا ئۇنىڭ كامانديروپكا پۇلىنى قوشۇۋەتسىلە!

تالىپ شاڭجاڭنىڭ ئاخىرقى سۆزى ئاسىم يۈەنجاڭنى سەل گاڭگىرىتىپ قويدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ، يەنە نېمىلەرنىدۇ قوشۇپ يېزىپ يېزا باشلىقىغا بەردى. باشلىقنىڭ چېھرىدە ئاتىنىڭ بالىسىغا ھىجايغىنىدەك بىر خىل كۈلكە جىلۋە قىلدى. ئۇلار ئىشخانىدا ئۆزلىرىدىن باشقا ھېچكىم يوقتەك قىزغىن پاراڭ ئىچىدە بىرلىكتە سىرتقا ماڭدى.

قاسىم ئاخۇن دوختۇرخانا باشلىقىنى خېلى ئۇزۇنغىچە كۈتتى، لېكىن ئۇ قايتىپ كىرمىدى. گويا ئۇنى ساقلاۋاتقان بىرسى يوقتەكلا ئىش قىلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇزۇن ساقلىدى. ساقلاۋېرىپ ئاخىرى نائىلاج ئۆيىگە قايتىشقا مەجبۇر بولدى. كېتىۋېتىپ كۆز ئالدىدىكى بۇ تەڭسىزلىكتىن خورسىنغان ھالدا ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى:

— بىزنىڭ تەقدىرىمىز نېمانچە كاجدۇ؟ ھەر نېمە دېگەن بىلەن غوجاملارنىڭ رىزقى كەڭرى-دە، ھەي...

تۇرسۇنگۈل داۋۇت

# مۇئەللىمگە خەت

(ھېكايە)

پەرھات مۇئەللىم:

قانداق جۈرئەتىنىڭ تۈرتكىسىدە بۇ خەتنى يېزىۋاتقانلىقىمنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن. بەلكىم باش-ئايىغى يوق خىياللار دۇنياسىدىن ئۆزۈمنى تارتىپ، بۇنداق چېكى يوق كۈتۈشتىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكىنىمنىڭ سەۋەبى بولسا كېرەك.

ئېسىڭىزدىمۇ، مۇئەللىم: بىزگە تۇنجى كۈنى، دەرسلەرنى ناھايىتى قىزىقارلىق، ئەستايىدىل سۆزلەپ بەرگەنىدىڭىز، دەرس ئاخىرىدىكى قىسقىغىنە ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ھەممەيلەن ئۆزىمىزنى بىر قۇر تونۇشتۇرغانىدۇق.

— ئىسمىم زەھرە، سىنىپىمىزنىڭ ئۆگىنىش ھەيئىتى، - سىنىپ باشلىقى قاۋۇلدىن كېيىن ئۆزۈمنى تونۇشتۇردۇم.

شۇ كۈنلۈك دەرستىن ئىككى كۈن ئۆتكەن ۋاقىت ئىدى.

مەن شۇ كۈنلۈك دەرسنى بىر قۇر تەكرارلىۋالغاندىن كېيىن، ئوقۇپ يېرىملاشقان رومانىمنى ئوقۇغاچ ياتاققا ماڭدىم.

— زۆھرە، ئوقۇۋاتقىنىڭىز قايسى كىتاب؟!- ئاجايىپ سېھىرلىك، سىلىققىنە ئاۋازدىن يۈرىكىم «جىغغىدە» قىلىپ، يۈزۈم قىزارغاندەك بولدى. ھېلىلا توپ ئويىنىغان بولسىڭىز كېرەك، چىرايىڭىز سەل قىزارغان، يۈزلىرىڭىزنى سۈرتكەچ، ماڭا قاراپ تۇراتتىڭىز. مەن سەل جىددىيلەشكەندەك بولدۇم:

— «ئىز» رومانى.

— كىتاب ئوقۇشقىمۇ بەك قىزىقىدىغان ئوخشىمامسىز؟ بىزنىڭ ياتاقتا ئوقۇيدىغان كىتابلار بەك كۆپ، جۈرۈڭ بېرىپ كۆرۈپ كېلىلىك؟!

سۆزلىرىڭىز شۇنداق سەممىي، مۇلايىم بولۇپ ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا سىزگە ئەگەشتىم، ماڭغاچ مەندىن گەپ سورايتتىڭىز. قايسىدۇر ناخشىنى غىڭشىغاچ، ئەتراپقا ھۇزۇر بىلەن قارايتتىڭىز. ئارقىڭىزدىن سىزگە سەپسالدىم:

ھەرىكەتلىرىڭىز شۇنداق تەبىئىي، بويىڭىز ئېگىز، مۈرىلىرىڭىز كەڭ، چاچلىرىڭىز سەل - پەل قالايمىقان بولۇپ، ئۈچىڭىزغا كىيگەن ئىسپورتچىلار كىيىمى شۇنداق ياراشقانىدى. ۋۇجۇدۇم ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل ھاياجان ئىچىدە تىترىگەندەك بولدى.

ئىشىكنى ئېچىپ، مېنى كىرىشكە تەكلىپ قىلدىڭىز. مەن ئۆي ئىچىگە سەپسالدىم. شۇنچە رەتلىك، شۇنچە پاكىز، يۇيۇپ، دەزماللاپ ئېسىپ قويۇلغان كىيىملىرىڭىزنىڭ قىرلىرىدىن چېۋەرلىكىڭىز چىقىپ تۇراتتى.

بۇلۇڭدىكى كىتاب ئىشكاپى، يوتقانغا يۆلەپ قويۇلغان دۇتار ۋە ئاسقۇدىكى بادام دوپپا ئادەمگە بىر خىل گۈزەللىك تۇيغۇسىنى بېرەتتى.

شۇ ۋاقىتتا ماڭا بەك ئەدەبلىك، شۇنداق قىزغىن مۇئامىلە قىلدىڭىز. ئائىلە، تۇرمۇش، ئۆگىنىش ئەھۋالىمنى سورىدىڭىز. قايتىش ۋاقتىمدا ئۇنىمىغىنىمغا قارىماي ياتىقىمغا ئاپىرىپ قويدىڭىز. شۇ كۈنى قانداق كەچ كىرگەنلىكىنىمۇ ئۇقمايمەن. ياتاقتىكىلەرنىڭ ھەممىسى شېرىن ئۇيقۇسىنى باشلىۋەتكەن، بىراق مېنىڭ كۆزلىرىم ئۇيقۇدىن بىدار. يېنىڭىزدىن ئەكەلگەن ئىككى كىتابنى قانچە ۋاراقلىغىنىمنى، ئىككى يېنىمغا قانچە ئۆرۈلگىنىمنى بىلمەيمەن. تۇرۇپ ناخشا ئېيتقۇم كەلدى. سىرتلارغا چىقىپ يۈگۈرگۈم، ھەرىكەت ئوينىغۇم كەپ كەتتى...

مۇئەللىم، ھەيران قېلىۋاتامسىز؟ بۇ پەقەت ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى نورمال مۇناسىۋەتقۇ؟ دەپ ئويلاۋاتىدىغانسىز - ھە!؟

ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ شۇنداق قامالاشقان، شۇنداق مەدەنىي بىر يىگىتنىڭ (گەرچە ئوقۇتقۇچى بولسىمۇ) ئالاھىدە قىزغىن مۇئامىلىسى، كۆيۈنۈشى بالاغەتكە يەتكەن، ھېسسىياتچان، رومانتىك بىر قىزغا تەسىر قىلماسلىقى مۇمكىنمۇ؟

ئەتىسى دەرسكە چىقىپلا دەرس سېتىكىسىدىن ئەدەبىيات دەرسىنى ئىزدىدىم. بىرىنچى سائەت. ئۇھ... يۈرىكىم سوقۇپلا كەتتى...

سىز كىرىپ كەلدىڭىز. قەلبىمنى دولقۇنلىتىپ، ۋۇجۇدۇمنى تىترىتىپ، غالىبلارچە كىرىپ كەلدىڭىز. پۇت-قوللىرىم تىترەيتتى. يۈرەك ھەرىكىتىم تېزلەشتى.

شۇ سائەت نېمە دەرس ئۆتكەنلىكىڭىزنى ئەسلىيەلمەيمەن. ئاجايىپ قامەتلىك بەدەنگە كىيىلگەن پاكىز، قاتۇرۇلغان كىيىملەر، چىرايىڭىزغا بەكمۇ ياراشقان قاپقارا، پارقىراق چاچ پاسونىڭىز، ئاجايىپ سېھىرلىك، ئادەمنى مەپتۇن قىلغۇچى سېھىرلىك ئاۋاز، كۈلۈپ-چاقناپلا تۇرىدىغان چىرايلىق كۆزلەر، ئەمدىلا چىقىشقا باشلىغان يۇمران بۇرۇتلار...

قاراپ قېتىپلا قاپتىمەن.

— نېمىگە شۇنچە قاراپ قالدىڭ؟ مۇئەللىم سۆزۈڭلار تەكرار قىلىڭلار دەۋاتىدۇ، - پارتىدىشىم رازىيەنىڭ نوقۇپ سۆزلىشىدىن ئەسلىمگە كەلدىم. خىياللىرىمنى باشقىلار بىلىپ قالغاندەك يۈزۈم «ۋىللىدە» قىزاردى.

— ھەي، زۆھرە. نېمىلەرنى خىيال قىلىۋاتىسەن؟ خىياللىرىڭ بەك كۆپىيىپ كەتتىمۇ؟!...

مۇئەللىم، شۇ كۈندىن بۇيان ئۆزۈمگە ئوخشىمايدىغان، باشقىچىلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم. دەرستىمۇ، مەيداندىمۇ، تاماق يېسەممۇ، ئۇخلىسامىمۇ... كۈلۈپلا تۇرىدىغان ئاجايىپ چىرايلىق كۆزلەر مېنى مارىلاۋاتقاندەك... ئادەمنى مەپتۇن قىلغۇچى سېھىرلىك ئاۋاز مېنى چاقىرغاندەك... ئۆزۈمنى... ئاگاھلاندۇراتتىم: زۆھرە، باشقىچە خىياللاردىن ئۆزۈڭنى تارتقىن، سېنىڭ ئويلايدىغىنىڭ ئۆگىنىش... لېكىن سىزنى ئويلىماسلىققا قانچە تىرىشسامۇ، دىققىتىمنى باشقا ئىشلارغا قانچە جەلپ قىلسامۇ، بارا-بارا ۋۇجۇدۇمنىڭ سىزگىلا تەلپۈنى...

ۋاتقانلىقىمنى، سىزگىلا ئىنتىلىۋاتقانلىقىمنى، دىلخانەمدە سىزنىڭ ئوبرازىڭىزلا مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالغانلىقىنى تولۇق ھېس قىلدىم. كۆزلىرىم دەرس سېتكىسىدىن ئەدەبىياتنىلا ئىزدەيتتى... كۆزلىرىم سىزنىلا ئىزدەيتتى، پۈتلىرىم سىزنىڭ قېشىڭىزغىلا ماڭاتتى. سىزمۇ ماڭا ئالاھىدە ياخشى مۇئامىلە قىلاتتىڭىز. بەكمۇ كۆيۈنەتتىڭىز.

كۈنلىرىم سىزنىلا ئىزدەش بىلەن ئاۋارە ... ئاھ، ئەڭ ئازابلىق، ئەڭ شېرىن كۈنلەر...

دەرسلەردە مەندىنلا كۆپ سوئال سورايتتىڭىز، نومۇرۇمدىن ئەمەس، ئىسمىمنىلا، ئاھ، نېمە دېگەن مۇلايىم، نېمە دېگەن سېھىرلىك ئاۋاز بۇ. ئۈچرىشىپ قالساق ئەھۋال سورىماي قالمايتتىڭىز.

— زۆھرە، تاماققا ماڭدىڭىزمۇ؟

— زۆھرە، بۈگۈنكى دەرس قانداقراق ئۆتتۈلدى؟ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەلەپ پىكرىنى ماڭا يەتكۈزۈپ تۇرۇڭ.

— زۆھرە، مىجەزىڭىز يوقمۇ؟ چىرايىڭىز سولغۇنغۇ؟

سوئاللىرىڭىزغا قىسقىغىنە جاۋاب بېرىپ، پۈتۈم كالۋالاشقىنىچە ئاستا كېتىپ قالاتتىم...

بىلەمسىز، سوراپ قويغان مۇنداقچە سوئاللىرىڭىز مەن ئۈچۈن ئالەمچە بەخت ئىدى.

مەن سىزنى ھەقىقىي ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم، سىز ئۈچۈن، سىزنىڭ بەختىڭىز ئۈچۈن ھەممىدىن كېچىشكە، ھەر قانداق ئازابلارغا بەرداشلىق بېرىشكە رازى ئىدىم.

دەرستىن بىراقلا چېكىنىشىم، سىنىپ خىزمىتىنى ئىشلەشتىكى سۇسلىقىم سىنىپ مۇدىرىمىزنىڭ دىققىتىنى تارتقان بولسا كېرەك، مېنى چاقىرتىپ خېلى تەنقىدلىدى. بىر ھازا يىغلاپ پۇخادىن چىققاندەك بولدۇم.

مۇئەللىم، شۇ كۈنى مەن ئۈچۈن مەڭگۈ ئۇنتۇلماس بىر كۈن بولدى. سىز مېنى يوقلاپ كىرگەن ئىدىڭىز، مىسكىن دىل خانەمنىڭ بىردىنبىر نىجاتچىسى، قەلب يارامنىڭ بىردىنبىر داۋاچىسى، قەلبىمدىكى ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەم مېنى يوقلاپ كىرگەنىدى.

— قىزىتمىڭىز خېلى ياندىمۇ؟ — سىز ئەھۋال سوراپ ئالىقىنىڭىز بىلەن چېكەمنى تۇتتىڭىز. ئاھ، نېمانچە قىزىق، ھارارەتلىك قوللار — بۇ؟!

شۇ چاغدىن باشلاپ — سىز كىرگەن شۇ مىنۇتتىن باشلاپ كېسىلىم تەلتۆكۈس ساقايغانىدى.

ئورنۇمدىن دەس تۇردۇم. ھەممە نەرسە شۇنچە گۈزەل، شۇنچە يېقىملىق، سىزگە بولغان كۈچلۈك تەلپۈنۈشىمنىڭ تۈرتكىسىدە دەرسكە كىرىپلا كەتتىم. پەقەت جاپالىق ئەجرىم ياراتقان گۈزەل كېلەچەك ئارقىلىقلا بەختىمنى تاپالايدىغانلىقىمنى ئېنىق تونۇپ يەتكەنىدىم.

مۇئەللىم، سىزدىن كىتاب سوراپ بارغان ئاشۇ كۈنى جىددىي بىر ئىش سەۋەبىدىن سىرتقا چىقىپ كەتتىڭىز. مەن توساتتىن ياستۇق بېشىدىكى بىر

ئاق قەغەزگە قالايمىقان يېزىپ قويۇلغان «زۆھرە، سېنى ئەسلەيمەن» دېگەن جۈملىلەرنى كۆرۈپ قالدىم. بۇ ئېنىقلا سىزنىڭ پۈچۈركىڭىز ئىدى. يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇپ، كۆكرەك قەپىسىمگە كەپلىشىپلا قالدى. ۋۇجۇدۇم ھاياجاندا تىترىدى...

ئەجىبا... مۇئەللىممۇ...

ياق، ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس، بۇ ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇ مىنۇتتىن باشلاپ، ھەر ۋاقىت ئۆزۈمگە «زۆھرە، ئوي - خىياللىرىڭنى بىر ئاز يىغىۋال، زۆھرە ئىسىملىك قىز — سەن بىلەنلا چەكلەنمەيدىغۇ؟» دەپ تۇرسامۇ، كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرىدە «مۇئەللىممۇ ماڭا قارىتا مەلۇم قىزىقىش ھېسسىياتىدا» دېگەن خۇلاسىگە كەلگەنىدىم.

مۇئەللىم، مەسخىرىلىك كۈلۈۋاتامسىز؟ مېنى مازاق قىلىدىغىزمۇ؟ بىلىسىڭىز شۇ بىر جۈملە مېنىڭ ئۆگىنىش ئىرادەمنى كۈچەيتتى. شۇ بىر جۈملە مېنىڭ گۈزەل كېلەچىكىمنى ياراتتى...كېلەچەك ماڭا كۈلۈپ قارىدى. غەلىبە ماڭا مەنسۇپ بولدى.

چاقىرىق قەغىزىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، شۇنداق خۇشال بولدۇمىيۇ، ئارقىدىنلا يۈرىكىم كۈچلۈك قايغۇ - ئازابتا «ۋاژژىدە» ئېچىشتى. مەن بۇ يەردىن، سىز ماڭغان ئانا تۇپراقتىن، سىز نەپەس ئالغان ھاۋادىن مېھرىمنى ئۈزەلمەيتتىم. بۇ يەردىن بىر مىنۇت ئايرىلىشقىمۇ كۆزۈم قىيمايتتى. سىزنى، سىزگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەڭ ئازابلىق، ئەڭ شېرىن كەچۈرمىشلىرىمنى ئەسلىتىدىغان بارلىق نەرسىلەردىن يىراقلاپ كېتىدىغانلىقىمنى ئويلىغىنىمدا، كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم بولدى. مۇئەللىم، بىلەمسىز، ئۈچ يىللىق ئوقۇش جەريانىدا سىزنى پەقەتلا ئۇنتۇيالمىدىم. بىر قىسىم روھىي ئازابتىن قۇتۇلغان بولسامۇ، ئىككىنچى بىر ئادەم قەلبىمگە سىزچىلىك تەسىر قىلالمىدى.

ئوقۇش ھاياتىمدا روھىڭىز ماڭا مەدەت بەردى. چىرايلىق كۆزلىرىڭىز ماڭا قاراۋۇل بولدى. سېھىرلىك ئاۋازىڭىز ئىشلىرىمغا يولباشچى بولدى. ئوقۇش ھاياتىم تىپتىنچ ئۆتتى.

مۇئەللىم، سىزنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى، قەلب قەسرىمدە قانچىلىك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىڭىزنى بىلەمسىز؟

سىزگە شۇنچىلىك كۆيەمەمۇ، ھېسسىياتىمنى ئاشكارىلاش تۈگۈل، ئويلاشتىنمۇ قورقاتتىم. كۈتەتتىم... سەۋرلىك بىلەن كۈتەتتىم.

خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن قىزلىق غۇرۇرۇم سىزنى ئىزدەپ بېرىشقا يول قويمىدى. ئۇچرىشىپ قالساق خىزمەت، تۇرمۇش ئەھۋالىمنى تەپسىلىي سورايتتىڭىز.

مۇئەللىم، توپتوغرا تۆت يىل بوپتۇ. ئۇھ... مېنىڭ سۆرۈپ تۈگىمىگەن خىياللىرىم...كۆز ئالدىمدا يەنە شۇ ئەدەبىيلىك مۇئامىلىلەر... سېھىرلىك ئا-

ۋازلار... چىرايلىق كۆزلەر...

ئىككى يىل ئىلگىرى مەندە مۇنداق خىيال دۇنياسىغا خاتىمە بېرىش، سىزگە ئۆز ھېسسىياتىمنى ئاشكارىلاپ، سىزنىڭ پىكرىڭىزنى ئېلىپ بېقىش ئىستىكى قوزغالدى. بۇ مېنىڭ ئۆز بەختىم يولىدا ئېلىپ بارغان تۇنجى جۈرئىتىم ئىدى.

سىز مېنى خۇشال كۈتىۋالدىڭىز. ئۇنىڭغا قارىماي، بازاردىن يېڭىلىك ئەكىرىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتىڭىز. سىزدىن رەنجىدىم: نېمىشقا ماڭا بۇنچە قىزغىن مۇئامىلە قىلىسىز؟ نېمانچە كۆيۈنىسىز؟ بىزنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىق مۇناسىۋىتىمىز ئاللىبۇرۇن تۈگىگەنغۇ؟ نېمىشقا مېنى ئىشىك يېنىدىلا ئۆزىتىپ قويمايسىز؟ مەندە بىردىنلا تەلۋىلەرچە ھەرىكەت قىلىش، سىزنىڭ مەخپىيىتىڭىزنى كۆرۈپ بېقىش ئىستىكى قوزغالدى. بۇرۇن سىزنىڭ كۆك تاشلىق يوغان خاتىرىگە داۋاملىق خەت يېزىپ ئولتۇرغانلىقىڭىزنى، بىرەر كىم كىرسە بەم بىلەن يېپىپ، ئاۋايلاپ چامادىنىڭىز ئىچىگە سېلىپ قويغانلىقىڭىزنى كۆرگەنىدىم... بىر سېكۇنت... چامادانىنى ئاچتىم، خاتىرىنى قولۇمغا ئالدىم:

«× يىللىق × سىنىپتىكى ئۆگىنىش باشلىقى زۆھرەنى كۆرسەم، سىڭلىم سېنى كۆرگەندەك بولىمەن. ئۇنىڭ ئوماقچىرايى، ئۆگىنىشتىكى تىرىشچانلىقى، مىجەزىدىكى ئوچۇقلۇقى ساڭىلا ئوخشايدىكەن» خاتىرىنىڭ باشقا بەتلىرىدىن بىلدىمكى: بىردىنبىر قىز سىڭلىڭىز زۆھرە بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇن سۆڭەك راكى بىلەن ئۆلۈپ كېتىپتىكەن. پۈتۈن خاتىرىڭىز سىڭلىڭىزغا بولغان كۈچلۈك مېھىر - مۇھەببەت، سېغىنىش مېنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگەن دىئالوگلىرىڭىز بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ.

خاتىرىڭىزنىڭ «تاراققىدە» چۈشۈشىدىن ئېسىمگە كەلدىم. ئۆيىڭىزدىن قانداق چىقتىم، قانداق ماڭدىم، ياتىقىمغا قانداق كەلدىم، بىلمەيمەن. يولدا بىر شوپۇرنىڭ ماشىنىسىنى قاتتىق تورمۇزلاپ «ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ؟» دېگىنىلا غۇۋا ئېسىمدە.

يىغلىدىم. نېمىگە يىغلىدىم، سىڭلىڭىزغا ئىچ ئاغرىتىپ يىغلىدىممۇ؟ ئۆزۈمگىمۇ؟ ھارغىچە يىغلىدىم، ۋالاقلاپ كۈلدۈم، مۇشۇ كۈنلەردە تەقدىرگە بەك ئىشىنىدىغان بولۇپ قالدىم؛ تەقدىرگە شۇنداق ئىلتىجا قىلىمەن:

ئاھ، تەقدىر، مەندەك ئاجىز قىزنىڭ ھاجىتىدىن چىقىپ، چىن يۈرىكىدىن سۆيگەن ئاشۇ ئۇلۇغ ئىنسان پەرھات مۇئەللىمنىڭ قەلبىدىكى ئاكىلارچە مۇھەببىتىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، قەلبىدە ماڭا قارىتا سۆيگۈ - مۇھەببەت ئويغىتالارسەنمۇ؟...

مۇئەللىم، سىزنى كۈتىمەن، سەۋرلىك بىلەن كۈتىمەن.

سۆيۈلۈشكە ئېرىشەلمىگەن بەختسىز زۆھرەدىن.

www.uyghurkitap.com



قۇربانجان كېرىم

# چىغىر يول

«ھېكايە»

ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى كۈنلىرى بىر - بىرىنى قوغلىشىپ زەنجىرنىڭ ھالقىلىرىدەك تېز - تېز ئۆتمەكتە. ھەش - پەش دېگۈچە بىر يىل توشتى. ئۇ ئۆگەندى، تىرىشتى. كېچىلىرى كۆزلىرى تالدى. نازۇك بەللىرى مۈكچەيدى.

دېكابىرنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، ئەتراپ ئاپئاق كۈمۈش لىباسقا پۈركەنگەنىدى. «ئاكتىپلار كوچىسى» دا ئۇنىڭ دەرس تەكرارلاش ئۈچۈن تەكرار مېڭىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان بىر تال قېنىق چىغىر يول كۆزگە تاشلىناتتى. ئۇنىڭ ئۇستا رەسسام سىزغاندەك گۈزەل كۆرۈنىدىغان ھۆسنىگە تېخىمۇ جەزىبە قوشۇۋاتقان غۇبارسىز كۆزلىرىدە بولسا شادلىق، ئىشەنچ ۋە غۇرۇر ئەكس ئېتەتتى. شەرەپ تاختىسىدا ئۇنىڭ ئەلاچىلار قاتارىدا چاپلانغان سۈرىتى قۇياش نۇرىدا جىلۋە قىلىپ تۇراتتى.

ئىككىنچى يىلى يانۋارنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، توختاۋسىز يېغىپ تۇرغان قار ئۇچقۇنلىرى «ئاكتىپلار كوچىسى» دا ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى. كوچىدا بىرمۇ ئادەم يوق. پەقەت ئۇنىڭ ئايىغىدىن ھاسىل بولغان چىغىر يول «ئاكتىپلار كوچىسى» نىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە، «ھىجران كوچىسى» دىن چىققان چوڭ رەزبىلىك ئەرچە ئاياغ ھاسىل قىلغان چىغىر يول تەرەپكە بۇرۇلغانىدى. «ھىجران كوچىسى» دىكى بۇ بىر جۈپ چىغىر يول گاھ قوشۇلۇپ، گاھ ئايرىلىپ مەكتەپ سىرتىدىكى قېلىن تورمانلىققىچە سوزۇلغانىدى.

ئۈچىنچى يىلى دېكابىرنىڭ مەلۇم بىر كۈنى. ئۇ، «بىمارلار كوچىسى» دا ئېغىر قەدەملەر بىلەن ماڭماقتا. ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدىكى لايغا مىلەنگەن چىغىر يول گويا ئۇنىڭ خارلانغان ئەقىدىسىنى نامايان قىلماقچى بولغاندەك يېيىلىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ ئاھۇنىڭكىدەك قاپقارا، نۇرلۇق كۆزلىرىدە نەپرەت ۋە ئېچىنىش ئالامىتى ئەكس ئېتەتتى. بۇ بەلكىم ئالىي مەكتەپ ھاياتىدىكى، ياق، ياشلىقىنىڭ ئەڭ گۈزەل ئالتۇن چاغلىرىدىكى ئاق قالغان ئۆمۈر بېتىگە ئېچىنىش بولسا كېرەك.

يانۋارنىڭ باشلىرىدا ياغقان قار، نۆلدىن تۆۋەن ئوتتۇز گرادۇسقا چۈشكەن سوغۇق ھاۋا مەكتەپ ئىچىنىلا ئەمەس، ھەتتا بۇ چوڭ شەھەرنىمۇ ھاياتلىق يوق قەبرىستانلىقتەك سۈكۈتكە چۆمدۈرگەنىدى. «دەردمەنلەر كوچىسى» دا ئۇنىڭ جانسىز قەدىمى ئاستىدا ھاسىل بولغان كىچىككىنە چىغىر يولدا چېچىلىپ ياتقان سۈرەت پارچىلىرى كۆزگە تاشلىناتتى. ئۇنىڭ ئاينى خىجىل قىلغۇدەك دەرىجىدىكى گۈزەل ھۆسنى بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلغان بولۇپ، ئاھۇنىڭكىدەك قارا كۆزلىرىدىن ياشلار يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلمەكتە، قەددى يېنىك تەۋرىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ ياشلىق كۆزلىرىدىن ئادەمنىڭ تېنىمىنى جۇغۇلدىتىدىغان قاباھەت ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى. چۈنكى ئىككى ئاساسىي پەندىن ئۆتەلمىگەنلىكى ۋە ئەخلاق جەھەتتە بەزى مەسىلىلەرنى سادىر قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى مەكتەپتىن چېكىندۈرگەنلىك توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش «دەردمەنلەر كوچىسى» دىكى سىمىنتا تاب تۈۋرۈكىدە ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى...

تۇختىمۇھەممەت تۇردى

# شېئىرلار

## كەتتى

يۈزۈڭنى بىر كۆرۈپ دىلغا باھار ئۇلاشتى، جۇت كەتتى،
كۆزۈڭگە بىر تىكىلدىم، داد! ۋۇجۇد مۈلكۈمگە ئوت كەتتى.

ئەجەب قىسمەتتە ئۆرتەندىم پىراقخۇمدانىدا يال - يال،
بوراندا قالدى دىلخانەم ئارامىلىق كەتتى، قۇت كەتتى.

چۈشۈم ئۆزگەردى قويغاندەك مېنى تەگرىم ياساپ باشقا،
خىيال سەھراسىدا كۈن - تۈن تېنەپ نېرۋامدا «خوت» كەتتى.

سىرىمنى خەققە پاش ئەتمەي تالاي چاغلارنى ئۆتكۈزدۈم،
بىراق بىر ئاخشىمى جانان كۆجۈم كوچاڭغا پۈت كەتتى.

بېغىڭنى ئايلىنىپ يۈردۈم تۆكۈپ ناخشامدا دەردىمنى،
ئاناڭ چىققانچە چالۋاقاپ، دېدى: ئۇ مەستنى تۇت! كەتتى…

سىنايىڭ سەجدىگاھ بولدى، مەھەللەڭ قىبلىگاھ كەئبەم،
تىلەپ ئىنساپ ۋۇجۇدۇڭدىن تۈمەن ئايەت - دۇرۇت كەتتى.

ت. تۇردى ئەتىمسە ئەمدى مۇراد بوستانىدا سەيلى،
كۆيۈپ كۈل بولغىنى بولغان، چىدام - بەرداشىمۇ چورت① كەتتى.

## بولسۇن

نىگارا، پۈرقىتىڭ پۈتكەن جاپا - دىشۋارلىرىم بولسۇن،
تىلەك سەھراسىدا چەككەن پىغانۇ - زارلىرىم بولسۇن.

جاھاندا خەستە ئاشىققا چېكى يوق ئىمتىھان بولماس،
نەتىجەم نۆلمۇ يا ئەلا ئايان - ئاشكارلىرىم بولسۇن.

ئەلەم خۇمدانى قەلبىمنىڭ تۇمانى تارقىسۇن - يىتسۇن،
كۈلەي، بۇ زەپىران چېھرىم ئارا ئەنۋارلىرىم بولسۇن.

گويا مەن دەشتۇ چۆل كەزدىم، ھوشۇمدىن ئايرىلىپ تەزدىم،
كۈلۈپ كەل، كۈلكىسى سەندەك شىپالىق يارلىرىم بولسۇن.

---

① پۈتۈنلەي، تامامەن مەنىسىدە

تالاي جۇپلەر پىغانى يوق يۈرەر بوستانىدا كۆڭلى توق،
مېنىڭمۇ سەيرى ئەتمەككە ۋاپا گۈلزارلىرىم بولسۇن.

ۋىسال جامىغا مەي تولسۇن، جاھان ئاشىقلىرى كۆرسۇن،
يېقىپ باغرىڭغا باغرىمنى كۆڭۈل ئىزھارلىرىم بولسۇن.

نىسىپ ئەتتى ت. تۇردىغا مۇھەببەت نەزمىكەشلىكنى،
سېنى دەپ يازغىنىمنى جەم قىلاي، ئەشئارلىرىم بولسۇن.

## يارغا قەسەم

سۆيگۈ دەپ چۆللەر كېزىپ، سەرسان بولامتىم سۆيمىسەم!؟
ئاھ، دېسەم ئالەمنى ئوت قاپلاپ كېتەمتى كۆيمىسەم!؟

نالىشىم ھاجەتمۇ ھەر تاڭ كۈي توكۇپ بۇلبۇل سۇپەت،
سېنى كۆڭلۈم باغىدا بىرلا قىزىلگۈل كۆرمىسەم!؟

باش قويار ياستۇقىمىدى تۈنلەردە ئاستانەڭ ماڭا،
چىن ۋاپانى دىل بېغىمغا قۇش قىلىپ كۆندۈرمىسەم!؟

يا پېقىر غەۋۋاسىمىدىم قاينامدا لەيلەپ ـ چۆككىلى،
ئۈنچىگە ـ سەن گۈل جامالىڭ ۋەسلىگە تەلمۈرمىسەم!؟

كىم كۆزۈڭنى كۆلگە ئوخشاتقان، قېشىڭ مېھراب دېگەن؟
دار سېنىڭ ئەگمە قېشىڭ ھەمدۇ ـ سانا كەلتۈرمىسەم!

توختىماي ئاققاي ئەقىدەم چەشمىسى دىلدار ساڭا،
بىر كۆرەرمەن، ئاھ، مېنى سۆيگەنلىرىڭنى ئۆلمىسەم!

ئىچكىنى كەۋسەر ئەمەس، ئوغا ـ زەھەر ت. تۇردىنىڭ،
سەن بىلەن ياۋ ئالدىدا قولتۇقلىشىپ بىر يۈرمىسەم!

گۈلباھار مۇسا

# ئىككى شېئىر

### ئۇنتۇدۇڭمۇ، ياد ئەتتىڭمۇ بىلمىدىم

ئۆتۈپ كەتتى غېرىبسىنغان كۈنلىرىم،
شامال تېگىپ ئۇچۇپ كەتكەن ياپراقتەك.
خىياللىرىم باشتىن ـ ئاياغ گىرىمسەن،
يۇرۇتقىلى يۇپيۇمىلاق ئاي يوقتەك.

غېرىبانە تەبەسسۇمدا كۈلۈشۈپ،
ئوت ياقىدۇ يۈرىكىمگە ئازابلار.
يالتىرايدۇ كىرپىكلەردە تېخىچە،
سەنسىز يۈرۈپ ئۆكسۈپ تۆككەن قان ـ ياشلار

دىللىرىمدا ناخشا ئېيتار تەشنالىق،
كۆتتۈم سېنى نەچچە يىللاپ تېخىمچە.
ئۇنتۇدۇڭمۇ، ياد ئەتتىڭمۇ بىلمىدىم،
كۈلۈپ كەلگىن كۆرۈۋالاي قانغۇچە.

### ئاي نازۇك كۆرۈندى ھەم بەكمۇ ئوماق

قاياقتىن كەلدى بۇ ئىزغىرىن شامال،
ھەسرەتلىك قەلبىمنى ياشارتتى ئەجەپ.
قاياقتىن يۈز ئاچتى يېشىل ۋادىلار،
جېنىمغا ئاراملىق بەردىغۇ ھەدەپ.

يۈرەكنى ئويناتتى ئىسسىق تۇيغۇلار،
گۈل بولۇپ ئېچىلدى بۇ نازۇك بەدەن.
ئاي گۈزەل كۆرۈندى ھەم بەكمۇ ئوماق،
كۈلگەندە تېلىقىپ ئامرىقىم لەۋەن.

ئارىدىن ئېچىلدى دانالىق يولى،
كۆرۈشتۈك يەنىلا بېرىپ تەسەللى.
دىل رىشتىم باغلاندى سۆيگۈڭگە قايتا،
ۋىسالغا يەتكەندە دەيمەن ھەببەللى!

ھەمىت ياسىن

## ئىككى شېئىر

### مەن ئوقۇتقۇچى...

مەن ئوقۇتقۇچى،
سەبىي كۆزلەر تىكىلگەن ماڭا.
ئالدىمدا،
سەبىيلىكتىن پۈتكەن بىر دۇنيا.
تەشنالىقتىن چاڭقىغان دىللار،
كەلگۈسىگە ئىنتىلگەن ئەۋلاد.
قولۇمدا بور،
مەشئەل ئۇ گويا.
ئوت ياقىمەن ـ ئوتلۇق مېھرىمدە،
تىلەكلىرىمدە!
مەن ئوقۇتقۇچى...
قولۇمدا كىتاب.
يۈرەك ئۇ گويا!
دانكونىڭ ئىستەكلىرىدە،
يورۇتقۇچى، سەبىي دىللارنى،
ياراتقۇچى،
پاك بىر دۇنيانى ! ...

### كىمگە ئوخشايمەن؟

يىراقلاردا قالغان كولدۇرما،
شەپىسىزلا ئۈزىدىغان كوڭكا.
تىنچقىنا لەيلىگەن خازان ...
ئەسلىمەمگە پايانداز ھامان.

مۇقەددەسلىك قونمىغان ئەزەل،
ھېچ مەنزىلىم سۆزلىمەس غەزەل.
تەنھالىق ئۇ يېتىم قوزىدەك،
كۆيلەيدۇ ئاھ مېنى ئۆزىدەك.
ئوكيانىدا مەن يېگانە كېمە،
مېرىدىئانىدىن مېنى ئىزلىمە.
سوغۇق كۆزلەر قارالغان پەقەت،
مېھرىبانلىق يوقلىماس ئەبەت.
دوستلۇقلاردىن يىراقمەن يىراق،
ۋاپادارلىق قالغان بەك ئۇزاق.
كۆزلىرىمدە يانار سۇس شولا،
يۇلتۇزلىرىم خۇنۇك ھەم غۇۋا.
ئىستىقبالغا باقمايمەن كۈلۈپ،
كۆز ياشلاردىن كەتمەيمەن ئۆلۈپ.
ھېچ دىلرەبا مېنى ئىزلىمەس،
ھېچ گۈل چىراي مېنى كۆزلىمەس.
توپا رەڭ تۇس ئالغان چېھرىمنى،
ئاچچىق ئەلەم قورشىغان مېنى.
ئەسلىمەمگە گۇۋاھ خازانلار،
يىغلاپ يۈرگەن، كۈلمىگەن جانلار.

* *

ھالىمغا تەگرىمۇ غەزەپ ياغدۇرار،
مەنمۇ ھەم تەگرىگە دەردلىك سوراقلار!...

نامانجان تۇرسۇن

# سۆيگۈ غەزەللىرى

1

دېرىزەڭ يېنىدىن ھەر كەچ كېتەلمەسمەن،
(سابا يەڭلىغ بىرەر شەپە بېرەلمەسمەن).
ئاشۇ جايدا كېچە ئۇلاشسىمۇ تاڭغا،
قىلىپ جۇرئەت، ئېيتىپ «تاك» بىر چېكەلمەسمەن.
كۆڭۈل رىشتىم ساڭا چىڭ باغلىنىپ قاپتۇ،
كېتەلمەسمەن، يا بىر يولى كېچەلمەسمەن.
ئەجەب ئىش، دوستلۇرۇم ئالدىدا ناتىق -
ئىدىم، ئەپسۇس! ساڭا بىر سۆز دېيەلمەسمەن.
سىرىمنى ئەمدى سۇبھىدەك ئايان ئەيلەي،
ئىشقتىن دەرد يۇتۇپ، زىنھار يۇرەلمەسمەن.

2

ۋىسالىڭغا يېتەر چاغدا، قويۇپ دەردتە، كېتىپ قالدىڭ،
كېلىپ دىلنى خۇشال ئەيلەپ، تۇرۇپ ھەپتە، كېتىپ قالدىڭ.
كېتەر چاغىڭدا بىچارە، كۆزۈڭگە مۇڭ بىلەن باقسام،
«كېلۇرمەن يەنە، تاقەت قىل!» دېگەن گەپتە، كېتىپ قالدىڭ.
مېنىڭ مىسكىن بۇ كۆڭلۈمگە ۋاپايىڭدىن شىپا ئەيلەپ،
«سېنىڭمەن» دەپسەن دىلدارىم سالام خەتتە، كېتىپ قالدىڭ.
سېنىڭسىز كۈنلىرىم ئۆتتى، گويا دوزاختا تۇرغاندەك،
يولۇڭدا كۆزلىرىم ھەر چاغ، ساناپ ھەپتە، كېتىپ قالدىڭ.

3

تۇرۇپ مەن بۇندا ئاھ ئۇرسام، ئازابىمنى بىلەرسەنمۇ،
ۋە ياكى، «ئۇ، ساراڭ بوپتۇ» دېگەن ئويغا كېلەرسەنمۇ.
زەبانە تەپتىنى سورساڭ، چۈشەنگەيسەن سەمەندەردىن،
بولۇپ دىلگىر زىبا بويلۇق، بۇ ھالىمغا يېتەرسەنمۇ.
قىلىپ ئىشقىڭدا سەن بىھوش، يۈرەكىمنى فىگار قىلدىڭ،
نىتەي! دەردىمنى مەن ئېيتسام، مازاق ئەيلەپ كۈلەرسەنمۇ.
يامانكەن دەردى ئاشىقلىق، ئۆلۈمدىن باشقىسىن كۆردۈم،
كۈلەتتىم شۇندا ئارمانسىز، ماڭا مەيلىڭ بېرەرسەنمۇ!

4

تىلىدىم سەندىن مۇھەببەت، مەن گويا سائىل بولۇپ،
ئۆتىمىدىم ئەمما، مىنۇت ۋەسلىڭگە بىر نائىل بولۇپ.
ئىشقى سەۋدالىق تۆپەيلى يوللىدىم تىنىماي سالام،
بەرمىدىڭ ئۇتلۇق جاۋاب، سۆزۈمگە بىر قايىل بولۇپ.
قەيىنىما بىھۇدە سەن، كۆيگەن گۇناھىم بار پەقەت،
نېمە پايدا ئالىسەن جانان نېچە جاھىل بولۇپ.

ئايگۈل روزى

# ئىككى نەسىر

## فېۋرال كوچىسى

شۇ چاغدا سەن ناھايىتى قەتئىي ھەم مەغرۇر ئىدىڭ. تەشنالىقتا تولغان كۆزلىرىڭدىن ئاللىقانداق بىر خىل تىترەڭگۈ ئازاب تۆكۈلۈپ تۇرسىمۇ، سەن يەنە ئالەمچە جۇرئەت ۋە غەيرەت بىلەن ئىشىكىم ئالدىدىن كۈندە نەچچە رەت ئۆتەتتىڭ، ئەمما مەن تەرەپكە قاراپمۇ قويمايتتىڭ.

بەزى كېچىلەردە سەن تېخى، ئۆيۈم ئارقىسىدىكى تەنھا بۇلاق بويىغا كېلىپ ئۇزاققىچە نەي چالاتتىڭ.

نەي ساداسى تۈن قوينىنى تىترىتىپ، يىراق - يىراقلارغا ئۇزاپ كېتەتتى.

گەرچە سەن چالغان بۇ مۇزىكا سۈزۈك ھەم لەرزان بولسىمۇ دولقۇنلىرى يۈرىكىمنى لەختە - لەختە قىلىپ، كۆڭلۈمنى مۇڭ بىلەن كۆمۈۋېتەتتى.

ھېلىمۇ ئېسىمدە.

ئاشۇ كېچىنى مەن تۈنجى بولۇپ ئۇيقۇسىز ھالدا مۇزىكىدەك تىترەپ ئولتۇرۇپ ئۆتكۈزگەن...

شۇنداق، مەن ئۇزاققىچە جىق نەرسىلەرگە تەشنا بولۇپ يېتىمسىراپ، روھىمدىكى مىسكىنلىكىنىڭ مەنبەسىگە بەرھەم ئىزدەپ سەرسانە بولۇپ يۈرگەن؛ بىراق، سېنى كۆرەلمىگەن.

يىللار ئۆتتى...

نېمە بولدۇمكىن، قەلبىمدە سېغىنىش ۋە قىيالماسلىقلار ئۇلغىيىشقا باشلىدى. قانداقتۇر بىر خىل سەممىي تەشنالىق ماڭا - سېنى تېخىمۇ ھېس قىلدۇردى...

تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ھەيرانمەن، دەل شۇ كۈنلەردە سەن يەنە تاڭ شەبنەمىدەك سۈزۈك، نۇرانە ھارۋىدا ئولتۇرۇپ ئىشىكىم ئالدىدا پەيدا بولدۇڭ.

مەن ئالدىڭغا يۈگۈرۈپ چىقىپ، باغرىڭغا ئۆزۈمنى ئاتماقچى بولدۇم. بىراق، ئاياغلىرىم كۆيۈشكەندەك بولۇپ، ھېچ قولاشمىدى...

بىر چاغدا سەن چوغرەڭلىك لەۋلىرىڭ بىلەن كۆزلىرىمگە قىزغىن سۆيدۈڭ، ئاجايىپ نەپىس ھەرىكەت بىلەن مېنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ھارۋىدا ئولتۇرغۇزدۇڭ، ئاندىن، قۇلىقىم تۈۋىدە نۇردەك سىلىق ۋە يېقىملىق ئاۋازىڭ بىلەن «پەقەت بىر تىنىقتىن قالمىسىلا سېنى ھايات دەپ بىلىمەن، چۈنكى مەن - سېنى سۆيىمەن. ناۋادا سەنمۇ مېنى سۆيىدىغانلا بولساڭ مەن چوقۇم ھاياتىمنى ساڭىلا بېغىشلايمەن» دەپ پىچىرلىدىڭ. شۇ چاغدا سېنىڭ سۆزلىرىڭدىن يۈرەكنى تىترەتكۈدەك سەممىيلىك چىقىپ تۇراتتى. مەن چىدام ۋە ئۈمىد بىلەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ساڭا قارىدىم.

ئاھ، سېنىڭ كۆزلىرىڭ، تۇماندەك تىنىق ھەم جىلۋىگەر ئىدى ... مەن تىترەپ تۇرغان قوللىرىمنى ساڭا ئۇزاتتىم ...

بىزنىڭ قەدەملىرىمىز نۇر سىزىقى كېسىشكەن ئاشۇ جايدىن باشلاندى. ھاۋا سوغۇق ھەم نەمخۇش بولغىنىغا قارىماي، يەسسىمەن گۈلىدەك پۇراقلىق بولۇپ، بۇلۇتلار ئەركىلىسە، ھايات باللىرى قۇياش يۈزىدە ئۇسسۇل ئوينايتتى.

بىز قەدىمكى جىگدىلىكلەردىن ئۆتكەندە، يوپۇرماقسىز جىگدە شاخلىرى ھەم تۆپىلىكلەر بىزنى ياش ۋە تەبەسسۇم بىلەن ئۇزىتىپ قالدى ...

بىز تاغلارنى، سايلارنى، شەپەق سۆيگەن دالالارنى كەينىمىزدە قالدۇرۇپ كېتىۋاتىمىز. روھلار تىنماي سۆيۈشىدۇ، كۆزلىرىڭ ماڭا توختىماي سۆزلەيدۇ، قاراشلىرىڭ جاھانغا نۇر تۆكىدۇ، ئوت چاچىدۇ، مەن ئوت ئىچىدە تۇرۇپمۇ يەنە ئوتقا — ساڭا ئىنتىلىۋاتىمەن.

شۇ تاپتا، تەشنالىق سېنى پۈتۈنلەي چىرمىۋالغان بولسىمۇ سەن يەنە قومۇش تۈزغىدەك بىمالال، ئاق بۇلۇتتەك ئەركىن كۆرۈنىسەن!

ئاخىرى سەن - مېنى رىۋايەتلەردىكىدەك گۈزەل، جەلپكار، كۆڭۈلنى تارتىپ تۇرىدىغان بىر يەرگە باشلاپ كەلدىڭ.

بۇ يەرنىڭ زېمىنىدە گۈللەر ئېچىلغان، ھاۋا بوشلۇقى مۇزىكا بىلەن تولغان بولۇپ ئالدىمىزدا يۈرەك رەڭلىك ئۇزاققا سوزۇلغان بىر كوچا كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇراتتى ...

بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر مۆجىزە، ياق، تېخى ھېچكىم كېلىپ باقمىغان خىيالىي جىلۋىگەر كوچا، لېكىن ئۇنىڭ چېكى يوق ... ئۇ ھەتتا «سامانيولى» غىمۇ ئوخشىمايدۇ.

مەن ساڭا نېمە دەپ تەشەككۈر ئېيتىشنى بىلەلمەي تۇرۇۋاتقان ئاشۇ چاغدا يۈرىكىم يىغلاپ تۇرۇپ شىۋىرلىدى:

«سەن ئەڭ سالاپەتلىك، مۇھەببەتنى ئەڭ چۈشىنىدىغان، كۆڭۈلنى بېغىشلاشقا ئەڭ ئەرزىيدىغان ئادەم!»

«سەن - مېنى ھەقىقەتەنمۇ ئۆمۈر بويى ئۈمىد قىلىپ يۈرۈپ ئېرىشەلمىگەن نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشتۈردۈڭ. نۇرانە ھارۋىدا ئولتۇرغۇزۇپ، جاھاننىڭ ھەممە چەتلىرىگە ئاپاردىڭ، بېشىمنى يۈرىكىڭ ئۈستىدە قويۇپ نەچچە كېچە - كۈندۈز روھ ھەققىدە قىسسە ئېيتىپ بەردىڭ، ساڭا سەممىيىتىم ۋە مۇھەببىتىم بىلەن مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن! چۈنكى سەن دۇنيارىمنى سۆيگۈ - مۇھەببەت بىلەن تولدۇردۇڭ ...»

سەن ئۇرغۇپ تۇرغان قايناق، پاك مۇھەببىتىڭ بىلەن مېنى باغرىڭغا بېسىپ ئوتقاشتەك لەۋلىرىڭ بىلەن كۆزلىرىمگە، يېيىلىپ تۇرغان چاچلىرىمغا، بويۇنلىرىمغا ئۇزاققىچە سۆيدۈڭ.

ساھىلىمىز سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈش بىلەن لەرزىگە كەلدى. لېۋىمىدىن تۆكۈلگەن قان كوچىنى بىر ئالدى ...

بىز قان ئىچىدە تۇرۇپ بىر - بىرىمىزگە قاراشتۇق، ئاندىن يەنە قانرەڭلىك لەۋلىرىمىز بىلەن سۆيۈشتۇق ... ئەمما قانمىدۇق ...

## سەن تۇغۇلغان كۈن

ئاشۇ كۈنى مەن بىردىنلا مۈزىكىغا ئايلىنىپ ، تاڭ سۈزۈلۈپ بولغىچە ئۈ-يۈك ئەترا پىنى كۆي-ناخشىلارغا پۈركۈۋەتمەكچى ، سەن ماڭىدىغان يوللارغا ئاق ئەتىر ھەم يەسىمەن گۈللىرى بىلەن پايانداز سېلىپ قويماقچى بولدۇم.

يەنە بىر تۇرۇپ - سېنى كۆڭلۈم سۈرەتخانىسىغا باشلاپ كېلىپ ، يۈرىكىمى-دىن بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سۆيگۈ ناخشىلىرىم بىلەن قوشۇپ ھەم نۇر بىلەن ياساندۇرۇپ بىر پارچە رەڭسىز سۈرىتىڭنى سىزىپ چىقىپ ئۇنى ئىسلاھىنىڭ تىنىقى ، ھېسسىياتىنىڭ يۈرىكى ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان بىر يەرگە ئېسىپ قويسەمەن دەپمۇ ئويلىدىم .

بىراق ، مەن ئالالماي كېچىككەنىدىم .

ئۇ كۈنى تاڭ ناھايىتى بالدۇر سۈزۈلۈپ ، تەبىئەت ئادەتتىن تاشقىرى گۈ-زەللىشىپ كەتتى . ھەتتا سېنىڭ خىلۋەتتىكى جىمجىت مەھەللەڭمۇ ئالتۇن نۇرلار بىلەن كۆمۈلۈپ ، جاھاننى لەرزىگە سالغۇدەك ئېسىل نەي ئاۋازى بىلەن ئالا-ھىدە جانلاندى .

بۇلۇتلار ھاياجانلىنىۋىدى ، سىرىنگۈل ياپراقلىرى بۇلاق يۈزىدە لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشتى . تېخى ، پەسىللەر ئەركىسى باھارمۇ سېنى قۇچاقلاپ ، پېشا-نەڭگە سۆيۈپ تۇرۇپ سەن ئۈچۈن تەبرىك ناخشىسى ئېيتتى .

سەن - جىلۋە قىلماقچى بولۇۋېدىڭ پۈتۈن ئالەم نۇرلاندى .

سەن - يولغا چىققانىڭ - قۇچىقىڭ گۈل دەستىلەر بىلەن تولۇپ ، ئىز-لىرىڭدىن مىليونلىغان چوغ رەڭلىك كوچىلار ھاسىل بولدى . ئاسماندىن ئەڭ ئېسىل تىلەكلەر قار - يامغۇر بولۇپ تۆكۈلۈپ پەرىشتىلەر سېنى ئورىۋېلىشتى .

ئېھ ، سېنىڭ ئەزىزانە ھاياتىڭ ئىلاھ تەرەپتىن مەدھىيىلەندى ، تەبىئەت تەرەپتىن قۇتلۇقلاندى . ساڭا سوۋغا تەقدىم قىلمىغان بىرمۇ شەيئى ، بىرمۇ مەۋ-جۇدات قالمىدى . پەقەت مەنلا ساڭا ھېچنېمە قىلىپ بېرەلمىدىم ، بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ھەسرەت چەكتىم ، يۈرىكىم يىغلىدى ...

مەن پەقەت تەسۋىرلىگۈسىز تەنھالىق ھەم روھىي غېرىبلىق ئىچىدە يىراقتىن ساڭا بارلىق چىدام ھەم غەيرىتىمنى يىغىپ تۇرۇپ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قىيال-ماستىن قارىدىم ھەم يىغا ئولاشقان ئاۋازىم بىلەن سېنى تەبرىكلىمەكچى ، تۇ-غۇلغان كۈنۈڭگە يۈرىكىمنى سوۋغا سۇپىتىدە قالدۇرۇپ كەتمەكچى بولغانلىقىمنى ئىپادە قىلماقچى بولۇپ سەن تەرەپكە قەدەم ئالدىم-يۇ ، بىردىنلا پۇتلىرىمنى تىترەك بېسىپ ، نەپەسلىرىم بوغۇلۇپ يىقىلىپ چۈشتۈم .

قانچىلىك ۋاقىت ھوشسىز ياتتىمكىن-تاڭ ، بىر چاغدا سەن قولۇمنى تۇتۇپ مېنى يۆلەشتۈردۈڭ . ئاندىن كۆزلىرىمگە تەشنالىق بىلەن قارىدىڭ. سېنىڭ كۆز-لىرىڭ تىنىق ھەم سېھىرلىك ئىدى . ئوت تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان لەۋلىرىڭ بىلەن چاچلىرىمغا سۆيدۈڭ ، ھەم رىشتە ۋە چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن مېنى باغرىڭغا بې-سىپ تۇرۇپ ، مېنى ئۆزۈڭ بىللە بىلەن ئېلىپ چەكسىز يىراقلىققا كېتىپ قالدى

دىغانلىقىڭنى، شۇڭا بۈگۈن بۇ يەردە خوشلىشىش مۇراسىمى ئېچىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەردىڭ .

مەن ئېسەنكىرىگەن ، تەئەججۇپلانغان ھالدا : « بىز ئەمدى قەيەرگە بارىمىز ؟ » دەپ ئارانلا سورىيالىدىم .

سەن بولساڭ ئىشەنچ ۋە خاتىرجەملىك بىلەن : « ئالەم ۋە ئادەم روھىنىڭ ئەبەدىي يېشىل قىرغاقلىرىغا ، » دەپ جاۋاب بەردىڭ .

يۈرىكىم ھاياجاندىن يېرىلغۇدەك بولدىيۇ ، بىراق مېنى تىلىكىمگە يەتكۈزگەن ئىلاھقا نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىشنى ، سېنى — مېنى بەختكە ئېرىشتۈرگەن بۇ كۈننى قانداق تەرىپلەشنى پەقەت بىلەلمىدى ...

بىز ئاي نۇرىغا ئولتۇرۇپ يۈرۈپ كەتتۇق ، ھەتتا « سامانيولى » دىنمۇ نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىققا .

ئادالەت ئابدۇرېھىم

# خوخاگۈل

(نەسر)

بوران - چاپقۇنلۇق، جۇت - شىۋىرغانلىق مۇشۇ چۆل - جەزىرە مېنىڭ ماكانىم. نازۇك، ئەمما مۇستەھكەم گەۋدەمگە كەڭ تەبىئەتنىڭ تۈرلۈك قىسمەتلىرى ئۇرۇلۇپ، ۋۇجۇدۇمنى تاۋلىدى. گۈلزارلىقتىكى باغۋەنلەر ئەجىر قىلىپ ئۆستۈرگەن گۈللەر نەقەدەر بەختلىك؟ لېكىن ھازىر مەن ئۆز رىزقىمغا شۈكۈر - تاقەت قىلىدىغان، ئۆز نېسىۋەم ۋە تەقدىرىمنى ھايات يولىدىكى بۇرچۇم ھېسابلايدىغان بولدۇم. ئەگەر سىز بۇ جەزىرىگە كېلىپ كۆزىتىدىغان بولسىڭىز مېنى، مېنىڭ قەلبىمنى، ياشاشقا بولغان جاسارىتىمنى كۆرۈۋالالايسىز.

گاھ شىۋىرغانلىق قۇيۇن باش - كۆزلىرىمگە قامچىلاپ ئۆتسە، گاھ شىددەتلىك بوران شاخچىلىرىمنى قايرىپ سۇندۇرىدۇ. دەم گۈلدۈرمامىلىق چاقماق كۆزلىرىمنى قاماشتۇرسا، گاھ سانسىز يۇلتۇزلار كۆز قىسىپ تەبەسسۇم قىلىدۇ.

بىردەم شارقىراپ ياغقان يامغۇر ئۇستىبېشىمغا ئۇرۇلسا، بىردەم دانە - دانە مۆلدۈر پۈت - قوللىرىمنى پاچاقلاپ تاشلىماقچى بولىدۇ. بىردەم سالقىن شامال چاچلىرىمنى تاراپ، لەۋلىرىمگە سۆيسە، بىردەم پىژغىرىم ئاپتاپ جىسمىمنى كۆيدۈرۈپ كۆل قىلىۋەتمەكچى بولىدۇ. قىش كۈنلىرى ئاپپاق قار ئارىسىغا كۆمۈلۈپ قالىمەن. ئەتىياز كۈنلىرى ئىللىق باھار نۇرى كۆز ياشلىرىمنى يارقىن نۇرلىرى بىلەن يالاپ، لەۋلىرىدە تېرنۇۋېلىپ مېنى بەزلەيدۇ...

سىز ئېھتىمال مېنى كۆرمىگەن، ئەمما خۇش ناۋا بۇلبۇلدىن تارتىپ، بىچارە سېغىزخانغىچە ماڭا ھەمنەپەس بولىدۇ. بۇ ئانا تەبىئەت مېنى نېمە قىلدۇرماقچىدۇ؟-دەپ قالىمەن. لېكىن مەن شۇنىڭدىن ئىپتىخارلىنىمەنكى، مەن گەرچە چۆلدە ئۆسكەن بولساممۇ، ئۇسسىغان چېغىمدا سۇ، ئېچىرقىغان چېغىمدا ئوزۇقتىن بەھرىمەن بولالمايدىغان، بىپايان زېمىننىڭ جانىجان ھەمراھى، گۈلى - رەيھانى بولالىغانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن. مەن باغچىلاردىكى گۈللەرگە ھەۋەس قىلمىسامۇ، ئەمما ھەر قانداق خورلۇق ۋە ئازابقا بوي بەرمەيدىغان تېنىم بىلەن ئۆزۈمنى ئۇلاردىنمۇ بەختلىك ھېسابلايمەن.

ئابلىز ئابلەت ( مەخسۇم )

# سۇ

(نەسىر)

سۇ — ئاسماننىڭ كۆز يېشى. دالا — ئېتىزلارنىڭ خۇشال جىلۋىسى ھەم جىنى، بۇ خۇددى مۇھەببەتكە ئوخشايدۇ. چۈنكى مۇھەببەت ھېس-تۇيغۇ ۋە سۆيگۈ دېڭىزىنىڭ خۇرسىنىشى، پىكىر - ئويلار ئاسمىنىنىڭ كۆز يېشى، قەلبلەر دالاسىنىڭ تەبەسسۇمىدۇر.

سۇ ھاياتلىق پەرىشتىسى، مەۋجۇداتلار تۈۋرۈكى. چۈنكى سۇسىز ھاياتلىق بولمايدۇ. ئاددىيسى ئادەم تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىكى توققۇز ئاي ئىچىدىمۇ ئانا قورسىقىدىكى باش سۇيىدە ياشايدۇ.

سۇ بىلەن مەۋجۇداتلار گويا ئاشىق - مەشۇق. چۈنكى ھېچقانداق بىر نەرسە سۇدىن ئايرىلالمايدۇ. ئاددىيسى، بىر توننا پولاتنى تاۋلاش ئۈچۈنمۇ 200 توننا سۇ كېتىدۇ.

سۇ ئۇلۇغ، سۇ بۈيۈك، سۇ جان!! چۈنكى پۈتكۈل ھاياتلىق سۇ بولغاچقىلا مەۋجۇت ھەم قۇدرەتلىك!

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇشنى ئۇنۇتماڭ

تارىخ بەتلىرى 1998-يىلىغا ئېچىلىدىغان، قەدەملىرىمىز 21-ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىغا ئېلىنىدىغان بۇ يېڭى يىلدا، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى يەنىلا سىزگە سىرداش، ھەمراھ بولۇشنى قولدىن بەرمەيدۇ.

ژۇرنالنىڭ تەھرىرلىرى يۈرەك قېنىنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمىنى سىز ئۈچۈن بېغىشلاش يولىدا تەييار. ژۇرنىلىمىز ئەدەبىي ئىجادىيەتچىلەرنىڭ، تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆڭلىدىكىدەك سورۇنى بولۇپ، مول، رەڭدار، جانلىق سەھىپىلىرى بىلەن سىزنىڭ ئۈمىدلىك كۆزلىرىڭىزگە تاشلىنىدۇ ھەم سىزنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىڭىزگە يىراقتىن بېقىشىدۇ. ژۇرنىلىمىز جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى دوستلار ئۈچۈن ياخشى كۆزنەك.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى يىلدا ئالتە سان نەشىر قىلىنىدۇ، جۈپ ئايلارنىڭ ئاخىرىدا نەشىردىن چىقىدۇ. مۇقاۋىسى رەڭلىك بولۇپ، مۇقاۋا 3-، 4-بەتلىرىگە رەڭلىك، رەڭسىز سۈرەتلەر ئارقىلىق تۈرلۈك مەزمۇندىكى ئېلانلارنى بېرىشكە بولىدۇ. ھەر يىلى 11-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 15-كۈنىگىچە، 5-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 15-كۈنىگىچە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 62 — 58، ھەر سانىنىڭ پارچە باھاسى: 3.00 يۈەن، يىللىق باھاسى: 18.00 يۈەن.

ۋاقتىدا مۇشتەرى بولۇشىڭىزلارنى، ئېسىل ئەسەرلەرنى يېزىپ ئەۋەتىشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

ئەنۋەر ھۈشۈر

# ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھازىرقى سەۋىيىسى — ئوبيېكتىپ، ئادىل باھاغا موھتاج!

80 - يىللارنىڭ بېشىدىكى مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قېزىش، رەتلەش ۋە نەشىر قىلىش قىزغىنلىقى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا، مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىدىن مەست بولغان نۇرغۇن كىشىلەر بىرەر پارچە ئەسىرى تولۇقى بىلەن يورۇقلۇققا چىقمىغان، ھەتتا نام - ئەمەلى ھەققىدىمۇ ھېچقانچە مەلۇمات ھاسىل قىلىنمىغان كلاسسىكلارنى ئۇنداق داڭلىق شائىر، مۇنداق جامائەت ئەربابى، مەشھۇر پەيلاسوپ، قانۇنشۇناس، ئەخلاقشۇناس، پېداگوك ... دېگەندەك ئۆزىدە يوق سۈپەتلەر بىلەن قەغەز ئايروپىلاندا ئۇچۇرۇشقا باشلىدى. يېقىنقى بىر - ئىككى يىلدىن بېرى مىللىتىمىز ۋۇجۇدىدىكى بەزىبىر ناچار ئىللەتلەر ئېچىپ تاشلانغان بىر بۈيۈك ئەدەبىي خاتىرە ۋە ماقالىلەر ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىنىپ كىشىلەر ئارىسىدا كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىدى، يەنە بىر قىسىم كىشىلىرىمىز بىراقلا °180 بۇرۇلۇش ياساپ، ھېچقانچە تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا غەرب ئەدەبىياتى ھەققىدە ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە ئاڭلىۋالغان يۈزەكى «بىلىمى» گە ئاساسلىنىپ «ئەمەتنىڭ بويىغا قاراپ، سەمەتكە كىيىم پىچىش» ئۇسۇلى بويىچە كۆزىنى يۇمۇپلا كلاسسىك ئەدەبىيات، جۈملىدىن ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ھەر قايسى ژانىرلار بويىچە قولغا كەلتۈرگەن زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى بىراقلا ئىنكار قىلىپ، بىر قىسىم كىتابخانلارنى قايمۇقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ روھىيىتىدە ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھازىرقى ئورنى ۋە سەۋىيىسى ھەققىدە بەزىبىر گۇمانىي قاراشلار ۋە داۋالغۇشلارنى پەيدا قىلدى. ئۇلار ھە دېگەندە تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ 60-، 70- يىللاردىكى مەغلۇبىيەتلىك تارىخىغا ئېسىلىۋېلىپ، 80-، 90- يىللاردا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى قەستەن كۆرمەسكە سېلىپ، «نېمە ئۈچۈن بىزدىن گارسىيە ماركۇستەك، چىڭغىز ئايتماتوۋ ۋە ئوكتاۋىيا پازدەك يازغۇچى- شائىرلار چىقمايدۇ؟» دېگەندەك ھېچقانچە رېئاللىقى قىممىتى بولمىغان ئۇتتۇرۇقسىز سوئاللىرى بىلەن ھەممە ئادەم پۇل تېپىشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە تىپىرلاۋاتقان ئالاھىدە تارىخىي بۇرۇلۇش پەيتىدە، ناچار تۇرمۇش شارائىتى، تۆۋەن قەلەم ھەققىگە پىسەنت قىلماي، كېچىنى تاڭغا ئۇلاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان جاپاكەش، خالىس نىيەت پەرىشتىلەرنى رەھىمسىزلەرچە سوراققا تارتماقتا! مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرمىگەن نۇرغۇن قوي مىجەز كىشىلىرىمىز ئۇشبۇ سوراقچىلارغا قارىغۇلارچە ئەگىشىپ، ھە دەپ دوست تارتماقتا، بۇ نېمە دېگەن ئادالەتسىزلىك - ھە؟! ئەمەلىيەتكە قاراپ

باقايلى! ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېقىنقى بىر مەزگىللىك ئەھۋالىدىن ئاز - تولا خەۋىرى بار كىشىلەرگە ئايانكى، ئەدەبىياتىمىز 70- يىللارنىڭ ئاخىرىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلغان ئىدىيە ئازادلىقى ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسىدە ھەر قايسى ژانىرلار بويىچە (مەيلى سان ياكى سۈپەت جەھەتتىن بولسۇن) غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. يازغۇچى شائىرلىرىمىز «سول» لۇشيەنىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئۇزۇن مۇددەت ھۆكۈم سۈرگەن ئۇقۇملاشتۇرۇش، فورمىلالاشتۇرۇش، شوئارۋازلىق، كالپىدارچىلىق، قەستىچىلىك خاھىشىغا خاتىمە بېرىپ، يېڭىچە روھ ۋە يېڭىچە بەدىئىي دىت بىلەن؛ ئىجادىيەتكە كىرىشىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ رېئالنى كۈرىشى، تۇرمۇشى، خۇشاللىقى ۋە قايغۇ - ھەسرىتىگە ئاكتىپ يانداشىپ، خەلقىنىڭ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» قالدۇرۇپ كەتكەن جاراھەتلىرىنى ساقايتىش، تارىخ، بۈگۈن ۋە كەلگۈسى ھەققىدە ئويلىنىشقا، پىكىر يۈرگۈزۈشكە دەۋەت قىلىش قاتارلىق كەڭ ئاممىنىڭ جانىجان مەنپەئەتى، كەلگۈسى تەقدىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۆتكۈنچى ۋە ئەبەدىي مەسىلىلەر ئۈستىدە ھېچقانداق بىر كۈچ ئۈستىگە ئالالمايدىغان مۇھىم ۋەزىپىلەرنى دادىللىق بىلەن ئۈستىگە ئېلىپ، ئاجايىپ مۇھىم رولىنى ئوينىدى. نەتىجىدە يازغۇچى - شائىرلار خەلقنىڭ قەلبىدىكى مەنىۋى ئىلاھقا چوقۇنۇش، ھۆرمەتلەش ئوبيېكتىغا ئايلاندى. يازغۇچى-شائىرلار ئۆزىنىڭ مىللەت، خەلق ۋە دەۋر ئالدىدىكى مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ھېس قىلغان ئاساستا بىلىم ۋە ئاڭ قۇرۇلمىسىنى تىرىشىپ يېڭىلاپ، چەت ئەل ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى دادىللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ ۋە ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆز تۇپرىقى ۋە خەلقى قەلبىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بىر قىسىم مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئارقا - ئارقىدىن يورۇقلۇققا چىقىرىپ كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا قىلدى. رومان ئىجادىيىتىدە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە ئۆزگىچە يول تۇتۇلغان، ئىزدىنىش روھىغا باي، قايىل قىلىش كۈچى خېلىلا زور بولغان ھەر خىل تېمىدىكى رومانلار ئارقا - ئارقىدىن نەشىر قىلىنىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنى، ئىستىقباللىنىڭ پارلاق ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا بىزدىمۇ ئىجادىيەت قەسرىنىڭ شاھانە تاجىنى كىيىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولالايدىغان ئوت يۈرەك ئەدىبلىرىمىزنىڭمۇ بارلىقىنى نامايەندە قىلدى. بولۇپمۇ تارىخ تېمىسىدا يېزىلغان رومانلار بىر پۈتۈن دەۋرنىڭ تارىخ كارتىنىسىنى جانلىق ئىپادىلەپ بەرگەنلىكىدەك بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن سەمەرىلىك تارىخىمىزنى يارىتىش — خەلقنى يېتەكلەپ، ئانا ۋەتەننى يات ئەل ئىستىلاچىلىرىنىڭ يامان كۆزىدىن ساقلاش، خەلقنىڭ قەلبىنى ئىلىم-مەرىپەت مەشئىلى بىلەن يورۇتۇش، ئۇلارنى ئېزىلىشكە قارشى ئازادلىق كۈرەشلىرىگە يېتەكلەش يولىدا بارلىقىنى بېغىشلىغان ئەل سۆيەر ئوغلانلارنىڭ مەنىۋى ھەيكىلىنى تۇرغۇزۇش، شۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، مەنىۋىيىتىدىكى ناچار ئىللەتلەرنى تازىلاش، تارىخ، مىللەت، دەۋر ۋە كەلگۈسى ھەققىدە ئويلىنىشقا دەۋەت قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينىدى. بۇ خىلدىكى رومانلار كىتابخانلارنىڭ ئالاھىدە قىزىقىشىنى قوزغاپ، قىزغىن مۇ-

نازىرە ئوبيېكتىغا ئايلاندى. ھەممە كىتاب ئىشكاپلىرى ۋە تەكچىلەرنىڭ كۆرۈ-
نەرلىك يەرلىرىدىن ئورۇن ئالدى. «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» (1-، 2-قىسىم)،
«سۇتۇق بۇغراخان»، «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر»، «ئىلى دولقۇنلىرى»، «ئۆچمەس
ئىزلار»، «تۈندىكى چاقماق»، «مەھمۇد قەشقەرى» قاتارلىق رومانلارنىڭ خېلى يۇ-
قىرى تىراژدا بېسىلغان تۇرۇقلۇق يەنە قايتا - قايتا نەشىر قىلىنغانلىقى، بە-
زىلىرىنىڭ تىراژ سانىنىڭ 100 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەنلىكى، بەزى رومانلارنىڭ
ئاپتورلار قوشۇنى زور بولغان خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، نەشىر قىلىنغان-
لىقى بۇنىڭ تىپىك مىسالى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە رېئاللىقنى تېمىدىكى
رومانلارمۇ كۆپلەپ نەشىر قىلىنىپ، تارىخىمىزدىكى رېئاللىقنى تېمىلاردا يېزىلغان
چوڭ ھەجىمدىكى نەسىرىي ئەسەرلەرنىڭ بولماسلىقىدەك ئەپسۇسلىنارلىق تارىخقا
خاتىمە بېرىپ، ھازىرقى زامان كىشىلەرنىڭ ئۆزى ھەققىدە ئىزدىنىش، مەنىۋىيەت-
تىمىزدىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇش قاتارلىق تەپەككۇر پائالىيەتلىرىدە ھەرىكەتلەن-
دۈرگۈچ رول ئوينىدى. ئارقا - ئارقىدىن يورۇقلۇققا چىققان «ئىزدىنىش» (ئىككى
قىسىم)، «ئانا»، «تەڭرىنىڭ ھۆكۈمى»، «جۇدالىق»، «كۆكۆل» قاتارلىق رومانلار
بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ خىلمۇخىل قانۇنىيەتلىرىگە ئاڭلىق رىئايە قىلغان ھالدا،
رېئاللىققا ئاكتىپ يانداشىپ، بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ھايات مۇساپىسى، تۇرمۇ-
شى، مۇھەببىتى، خۇشاللىقى ۋە قايغۇسىنى، ھايات ھەققىدىكى جاپالىق ئىزدىنىش-
لىرىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، كىتابخانلارنىڭ قەلبىدە زور داۋالغۇش-
لارنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ خىلدىكى ئەسەرلەردىن «ئىزدىنىش» رومانى خەن-
زۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، (رومان ئاپتورىنىڭ «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتىدە ئېلان
قىلغان بىر پارچە ئەسلىمىسىدە ئاشكارىلىنىشىچە، ئامېرىكىلىق كىلىق ئەپەندى بۇ
رومانىنى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا تۇتۇش قىلىۋېتىپتۇ) خەنزۇ كىتاب-
خانلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. بۇ ھەقتە مەزكۇر رومانىنىڭ خەنزۇچە
تەرجىمىسىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋۇيى «ياخشى يېزىلغان رومان ‹ئىزدىنىش›
توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدا رومانغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىپ مۇنداق
دېدى: «مېنىڭچە بۇ ناھايىتى ياخشى يېزىلغان، چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇنغا ئىگە
دەۋر روھى چاقناپ تۇرىدىغان رومان. ئاپتور بۇ ئەسەردە ئۆزىنىڭ كامالەتكە يەت-
كەن قەلەم قۇۋۋىتى بىلەن ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب ئارقىلىق كىشىنىڭ يۈ-
رەك تارىنى چېكەلەيدىغان، كىشىنى ھاياجانلاندۇرالايدىغان قىلىپ يېزىپ چىققان،
مەن بۇ رومانىنى ھاياجان ئىچىدە قولۇمدىن پەقەتلا چۈشۈرگۈم كەلمەي، كېچىنى-
كۈندۈزگە ئۇلاپ، دېگۈدەك ئوقۇپ چىقتىم. بۇ ئەسەر ھەقىقەتەنمۇ ئوقۇغانلار دەر-
ماندا، ئوقۇمىغانلار ئارماندا قالغۇدەك ئەسەر ئىكەن... مەن ئەدەبىيات ئوقۇغان،
كۆپ يىل ئەدەبىي تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن ئادەممەن. بۇ جەرياندا جۇڭگو ۋە چەت
ئەللەرنىڭ بىر قىسىم داڭلىق رومانلىرىنى ئوقۇغان، يېزىلغان رومانلارنىڭ ئورى-
گىنالىنى كۆرگەنمەن. ئەمما ئەسەرلەرنى ئوقۇپ، بۇنچىلىك ھاياجانلانغان ۋاقىت-
لىرىم ئاز بولغان. قىسقىسى بۇ ئەسەر يېڭىچە، ئالاھىدە بولغان ئاجايىپ ئەسەر
ئىكەن» («ئۇيغۇر رومانچىلىقى توغرىسىدا» ناملىق كىتابنىڭ 330-، 331- بېتىگە
قاراڭ).

ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىگە پوۋېست، ھېكايىلەر ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىنىپ، مەيلى سان ياكى سۈپەت جەھەتتىن بولسۇن خېلى يۇقىرى سەۋىيە ياراتتى، بولۇپمۇ بۇ جەھەتتە پوۋېست ئىجادىيىتىنىڭ نەتىجىسى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولۇپ، كەڭ كىتابخانلار ئاممىسى ئۆزىنى ئۇرىدىغان، يازغۇچىلارمۇ ئۆزىنىڭ بەدىئىي دىتىنى سىنايدىغان قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى. 80- يىللاردىن بۇرۇن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پەقەت بىرلا پوۋېست ئېلان قىلىنغان بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىنكى قىسقىغىنە بىر نەچچە يىل جەريانىدا نەچچە يۈزلىگەن پوۋېستلار ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىنىپ، ھەر قايسى ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ ھەر سانىدا بىردىن-ئىككىگە قەدەر پوۋېست بولۇشتەك ياخشى ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، ناھايىتى تېزلا يېڭىچە تەرەققىيات مەنزىرىسىنى نامايەندە قىلدى، زوردۇن سابىرنىڭ «سۈبھى» (بۇ پوۋېست نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىلىنىدى)، «تۇمان»، «خەيرلىك ئىش»، ئەختەم ئۆمەرنىڭ «ئاھ، رەھىمسىز دەريا»، «زېمىن قارا ئادەملەرنىڭگە»، «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل»، ئالىمجان ئىسمايىلنىڭ «يۇلتۇزلار جىمىرلايدۇ»، «يىغلىما قىز»، ئارسلاننىڭ «ھەيكەل»، قاھار جېلىلنىڭ «تەقدىرنى كىشىلەر يارىتىدۇ»، نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ «شەھلا كۆز»، توختى ئايۇپنىڭ «قۇم باسقان دېڭىز»، مۇھەممەت باغراشنىڭ «ئاقساق بۇغا»، «جەزدرە»، مەتىلىم مەتقاسىمنىڭ «باھار يەنە كېلىدۇ»، خالىدە ئىسرائىلنىڭ «ئوربىتا»، «قۇملۇقنىڭ چۈشى» ناملىق پوۋېستلىرى بۇنىڭ تىپىك مىسالى. بۇ پوۋېستلار ئىچىدە چەت ئەل ۋە مەملىكىتىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىرىمۇ، مەملىكەت دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەنلىرىمۇ، ئۆزگەرتىلىپ سەھنىلەردە ئوينالغانلىرىمۇ بولۇپ، ئۆز ۋۇجۇدىدا ئىپادىلىگەن خىلمۇ خىل ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن پوۋېستچىلىقىمىزنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىنى نامايەندە قىلدى.

شېئىر ئىجادىيىتىدە يېڭى يۈكسىلىشلەر بارلىققا كەلدى. بولۇپمۇ 80- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باشلانغان «گۇڭگا شېئىر» قىزغىنلىقىنى مەركەز قىلغان خىلمۇ خىل بەس - مۇنازىرىلەر جەريانىدا ئۇيغۇر شېئىرىيىتى «سول» لۇشيەنىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ئىشىكنى چوڭ ئېچىۋېتىپ ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتى ۋە چەت ئەللەرنىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئىلغار شېئىرىيەت ئېقىملىرىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرىنى دادىل قوبۇل قىلىپ، ھازىرقى زامان كىتابخانلىرىنىڭ ئىدىيىسىگە، سەۋىيىسىگە يېقىندىن ماسلىشىپ، شېئىرنىڭ بەدىئىيلىكىگە ئالاھىدە كۈچ چىقىرىپ، خېلى يۇقىرى سەۋىيە ياراتتى، ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، يېقىنقى بىر مەزگىلدىن بۇيان بىر قىسىم شائىرلىرىمىزنىڭ شېئىرلىرى لېنتىغا ئېلىپ تارقىتىلغانىدىن كېيىن، خەلق ئاممىسى، جۈملىدىن ئاھالىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدىغان، گېزىت - ژۇرنال كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەن كەڭ دېھقانلار ئاممىسىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرىپ كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا قىلدى. بۇ ھال يېقىنقى بىر مەزگىل جەريانىدا كىتابخانلار ئارىسىدا تەبىئىي

uyghurkitap.com



ھالدا شەكىللىنىپ قالغان شېئىردىن بىزار بولۇشتەك ناچار كەيپىياتنىڭ ئەكسىچە بولغان يەنە بىر خىل ياخشى كەيپىيات — شېئىرغا ئۆزىنى ئۇرۇش، شائىرلارنى ھۆرمەتلەش كەيپىياتىنى بارلىققا كەلتۈردى.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەدەبىي ئاخبارات، ئەدەبىي خاتىرە قاتارلىق تۈرلەرمۇ يوقلۇقتىن-بارلىققا كېلىپ ۋە تەرەققىيات مەنزىرىسىنى نامايان قىلىپ، خەلقنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى ئاجىزلىقلارنى كۆرسىتىپ بېرىش، ياخشى ئىش، ياخشى ئادەملەرنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، كىشىلەرگە ئىلھام بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم روللارنى ئوينىدى.

قىسقىسى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يېقىنقى بىر نەچچە يىل جەريانىدا مەزمۇن ۋە شەكىل، سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، خەلقنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، خەلقنى ئويغىتىش ۋە توغرا يولغا يېتەكلەش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسى تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. بۇ دېگەنلىك ھەرگىزمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان نۇقسانسىز ئەدەبىيات، ئۇ تەرەققىياتنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىنى يارىتىپ بولدى دېگەنلىك ئەمەس ئەلۋەتتە. بۇ يەردە شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش زۆرۈركى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىزدىنىۋاتقان، تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەدەبىيات! شۇنداق بولغانىكەن، ئۇنىڭدىمۇ بەزى بىر ئاجىز ھالقىلار، نۇقسانلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال. لېكىن قىسمەن ئاجىزلىقلارغا ئېسىلىۋېلىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېقىنقى بىر مەزگىل جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى بىراقلا ئىنكار قىلىش ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس. خوش، ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يۇقىرىقىدەك كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قولغا كەلتۈرگەن تۇرۇقلۇق يەنىلا نەتىجىلىرى دېگەندەك گەۋدىلىنىپ كەتمەيدۇ. بىر قىسىم ئاجىز ھالقىلار يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ؟ بۇنىڭ ئوبيېكتىپ ھەم سۇبيېكتىپ سەۋەبلىرى بار.

1) بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا قوبۇل قىلىش جەھەتتە ئوچۇق، چىقىرىش جەھەتتە يېپىق ئەدەبىيات بولۇپ، ئەسەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم كىتابخانلىرى مىللىتىمىز دائىرىسى، يەنە كېلىپ نوپۇزنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان زىيالىيلار، ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن چەكلىنىدۇ. بىزدە چەت ئەل، خەنزۇ ۋە مەملىكىتىمىزدىكى باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرىدىغانلار خېلىلا كۆپ. لېكىن ئۆزىمىزنىڭكىنى باشقا مىللەتلەرنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرىدىغانلار يوقنىڭ ئورنىدا. شۇ سەۋەبلىك دۇنيا تۈگۈل بىر دۆلەتتە ئارىلىشىپ ياشاۋاتقان خەنزۇلاردىنمۇ بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزنى بىلىدىغانلار ئاز، بۇ نۇقتىنى ئابدۇقادىر جالالىدىنىنىڭ «سەپەر ۋە ھاسىلات» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 95- يىللىق 5-، 6- سانىدا ئېلان قىلىنغان) ناملىق ئەبجەش خاتىرىسىدىكى مۇنۇ بايانلارغا كۆز يۈگۈرتسەكلا ئاسانلا ھېس قىلالايمىز.

«... ياتاقدىشىم چاكچۇنلۇك ئىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە دادىسى... ئانچە - مۇنچە

شېئىر يېزىپ قويىدىكەن... مەملىكەت بويىچە شىر خىلدىكى شېئىرىيەت جەمئىيىتى-
نىڭ ئەزاسى ئىكەن. شۇنداقلا ئۆلكىلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭمۇ ئەزاسى ئى-
كەن... ئۇ بىر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئالاھىدە مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتۇ... ئۇ
ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇزى ۋە ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالىنى سورىدى. مەن ئانچە راۋان
بولمىغان خەنزۇ تىلى بىلەن ئېنىق قىلىپ جاۋاب بەردىم. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ نو-
پۇزىنىڭ شۇنچىلىك دەرىجىدە كۆپلىكىنى بىلمەيدىكەن، ئاڭلاپ ھاڭ - تاڭ قالدى.
ئۇنىڭدىن مەنمۇ ھاڭ - تاڭ قالدىم. ئۇ مېنىڭ ئېلان قىلىنغان شېئىرلىرىمنى كۆ-
رۈپ بېقىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. مەن يېزىق پائالىيىتىمىزنىڭ ئۇي-
غۇر تىل - يېزىقى دائىرىسىدە ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتتىم. ئۇ تېخىمۇ ھەيران قال-
دى... بىر قىسىم ئۇيغۇرچە ژۇرناللارنى ئۇنىڭغا سۇندۇم. ئۇ سەھىپىلەرگە ئىنچى-
كە ۋە ئەستايىدىل سەپسېلىپ چىققاندىن كېيىن - «خېلى سۈپەتلىك مەتبۇئاتلار
بار ئىكەن. مەن ھەقىقەتەن ئويلىماپتىكەنمەن» دېدى. مەن بىزدە چىقىدىغان گې-
زىت - ژۇرناللارنى بىلگەنلىرىم بويىچە دەپ بەردىم. ئاندىن يازما ئەدەبىيات
تارىخىمىز، تەرجىمە تارىخىمىزنى قىسقىچە بايان قىلدىم. ئۇنىڭ چىرايىدا ھەم
ھەيرانلىق ھەم ئىشەنمەسلىككە يېقىن ئالامەت ئىپادىلەنگەندەك بولدى... «ئۇلار-
نىڭ ئوقۇيدىغىنى لى بەيىنىڭ شېئىرلىرىمۇ؟» دەپ سورىدى ئۇ كىشى گېپىنىڭ ئۇ-
لاپلا، مەن تۇرۇپلا قالدىم» يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە ئەزا بولغان، بىر دۆلەتتە يا-
شاۋاتقان بىر شائىرنىڭ بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزنى تۇگۈل رېئاللىقنى مەۋجۇتلۇقى-
مىزنىمۇ بىلمەسلىكى بىزنى قاتتىق ئەپسۇسلاندۇردى ۋە چوڭقۇر ئويغا سالدى.

2) يازغۇچى - شائىرلىرىمىزنىڭ ئىجادىيەت ۋە تۇرمۇش شارائىتى دېگەندەك
ياخشى ئەمەس. بىزنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى يازغۇچى-شائىرلىرىمىزغا نىسبە-
تەن ئېيتقاندا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشتىن سىرتقى پائالىيەت بولۇپ،
ئۇلاردا زۆرۈر تېپىلغاندا ساياھەت قىلىپ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، تۇرمۇش
ئۆگىنىش شارائىتى يوق. شۇڭا ئۇلار ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغاندا ئۆزىنىڭ
كەسپىي خىزمىتى ۋە تار دائىرىدىكى تۇرمۇش بىلىمى دائىرىسىدىلا پىكىر يۈرگۈ-
زەلەيدۇ. كەسپىي خىزمىتى دائىرىسىدىكى تار تۇرمۇش رېئاللىقىدىن ھالقىپ پى-
كىر يۈرگۈزۈشكە توغرا كەلسە ئېنىقكى كىتاب ۋە باشقا مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى-
گە مۇراجىئەت قىلىدۇ. نەتىجىدە دېھقاننى زىيالىي-سۈپەت سۆزلىتىپ قويىدىغان،
تۇرمۇش چىنلىقىغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلىپ، كۈلكىگە قالىدىغان ئىش-
لارنى ئاسانلا سادىر قىلىپ قويىدۇ. بۇ ھال شۈبھىسىزكى، ئەدەبىياتىمىزدا تېما
نامراتلىقى ھادىسىسى پەيدا قىلماي قالمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قەلەم
ھەققىگە تايىنىپ باي بولۇش مۇمكىنچىلىكى بولمىغاچقا، خېلى كۆپ قىسىم ئەدىب-
لىرىمىز تۇرمۇشنى غورىگىل ئۆتكۈزىدۇ. تۇرمۇشنىڭ بېسىمى، كۆڭۈلدىكىدەك ئى-
جادىيەت مۇھىتىنىڭ بولماسلىقى، ئېنىقكى، ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئىجادىيىتىگە پاس-
سىپ تەسىرلەرنى كۆرسەتمەي قالمايدۇ. مېنىڭ ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئىجا-
دىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر دوستۇم بار. ئۇ ھازىرغىچە تۆت پارچە پوۋېست،
70 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە ۋە بىر پارچە ھېكايىلەر توپلىمىنى خەلققە تەقدىم

قىلدى. لېكىن ئۇ ئىككى بالىسى، ئايالى بولۇپ تۆت جان ئادەم، ئىدارىسىدىن ئىجارىگە ئېلىپ بەرگەن خام كېسەكلىك ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە ھايات كەچۈرۈۋاتىدۇ. ئۆي ئىچى بەك تار بولغاچقا ئىش ئۈستىلى قويۇش مۇمكىنچىلىكى يوق. شۇڭا ئۇ ئىلاجىسىزلىقتىن كارىۋاتتا دۈم يېتىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ...

زۆرۈر تېپىلسا يەنە مۇنداق مىساللارنى كۆپلەپ ئېلىش مۇمكىن.

3) ئەسەرلەرنى، ئەدىبلەرنى تەشۋىق قىلىش، تونۇشتۇرۇش يېتەرسىز. ھەممىگە ئايانكى، ھازىرقى دەۋر ئۇچۇر - ئېلان دەۋرى، ھازىرقى زامان كىشىلىرى ئۆزى ئېھتىياجلىق بولغان ئۇچۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تېلېۋىزور ۋە گېزىت - ژۇرناللاردىن ئالىدۇ. ھالبۇكى بىزنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىز، يازغۇچى-شائىرلىرىمىز تا ھازىرغا قەدەر جەمئىيەتتە ئەڭ ئومۇملاشقان مەدەنىيەت تارقىتىش ۋاسىتىسى بولغان تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى (جۈملىدىن خەۋەر، ئېلانلار، مەخسۇس فىلىملار) سەھىپىسىدىن ھېچقانچە ئورۇن ئالغىنى يوق. بۇ ھال ئەدەبىياتىمىزنى كۈچلۈك ئاممىۋى ئاساس ۋە جامائەت پىكرىدىن مەھرۇم قىلغان بولۇپ، ئەسلىدىلا ئاز بولغان كىتابخانلار قوشۇنىنى تېخىمۇ ئازايتماقتا. مېنىڭچە بولغاندا نەشىر قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان ۋە نەشىر قىلىنغان ئەسەرلەرھەم ئۇلارنىڭ ئاپتورلىرىمۇ تېلېۋىزورلاردا، گېزىت-ژۇرناللاردا زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىنىشى، كىتابخانلارنىڭ ئېڭىغا تەسىر كۆرسىتىشى لازىم. بۇنىڭ كىتابخانلار قوشۇنىنى زورايتىش، ياش - ئۆسمۈرلەرنى كىتابقا قىزىقىدىغان قىلىپ تەربىيىلەشتە ئەھمىيىتى زۆرۈر.

4) نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن مۇتلەق كۆپ ساندىكى يازغۇچى-شائىرلار ئۆز مىللىتى، ئۆز خەلقى ۋە ئانا ۋەتىنىگە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاپ، ئۆز مىللىتىنىڭ مىللىي ئەدەبىيات ئەنئەنىسىنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات، تارىخ ۋە خەلق قەلبىدىكى ئورنىنى تىكلىگەن، ئۇلار ئىجادىيەتتە جاپالىق ئىزدىنىش، توختاۋسىز پىكىر قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىشتەك ئىجادىيەت ئىرادىسىنى يېتەكچى قىلىپ ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان ئاساستا رېئاللىققا يۈزلىنىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ مىللىي پسىخىكا ئېڭىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش، شۇ ئارقىلىق ئۆز مىللىتىنى دۇنياغا تونۇتۇش، ئۆز مىللىتىگە دۇنيانى تونۇتۇش يولىدا جاپالىق ئىزدەنگەن. ئۇلار ھەرگىزمۇ ئۆزگىلەرنىڭ ئىجادىيەت يولى، ئۇسۇلى ۋە ئۇسلۇبىنى قارىغۇلارچە دوراش، كۆچۈرۈپ كېلىش بەدىلىگە شان - شۆھرەت يولىنى ئىزدىمىگەن. بىزدە يۇقىرىقىدەك خىسلەتلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئاڭلىق ئىجادىيەتتىن ھاياتىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ھېس قىلىدىغان يازغۇچى-شائىرلىرىمىز خېلىلا كۆپ، لېكىن بىزدە يەنە شۇنداق يازغۇچى-شائىرلار باركى ئۇلار ھەدېگەندە ئۆزىنى چۆشۈرۈپ، ئۆزگىلەرنى كۆككە كۆتۈرىدۇ. ئىجادىيەتتە باش-

قىلارنىڭكىنى ئەندىزە قىلىدۇ، قارىغۇلارچە دورايدۇ، ھەتتا كۆچۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن يۇرت نامى بىلەن ئادەم ئىسمىنى چىقىرىۋەتسە ئۇيغۇر تۇرمۇشى، ئۇيغۇر پىسخىكىسى دېگەنلەرنىڭ ئىزناسىنى تېپىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، بەزىدە ئادەمنىڭ بۇ خىلدىكى يازغۇچى-شائىرلاردىن ئۆزلىرى ھەدەپ كۆككە كۆتۈرۈشكەن ھەمىنگۋاينىڭ «بوۋاي ۋە دېڭىز»، ئالبېرت كېمۇسنىڭ «يېگانە ئادەم» قاتارلىق ئەسەرلەرنى زېرىكمەي تولۇقى بىلەن ئوقۇپ باققانلىقىدىن گۇمانلانغۇسى كېلىدۇ. دېمىسىمۇ بىزدە ماركسنىڭ بىرەر پارچە ئەسىرىنى تولۇق ئوقۇماي تۇرۇپ «ماركسىزمچى» بولۇۋالغان كىشىلەر سامانداك بولغىنىدەك، ئۆزى بىرەر نەرسىنى كۆرمەي، ئوقۇماي، تەتقىق قىلماي تۇرۇپ، ئۇ يەر-بۇ يەرلەردىن ئاڭلىۋالغانلىرى بويىچە راستقا يالغاننى ئارىلاشتۇرۇپ، گەپنى چوڭ قىلىپ، ئەدەبىيات ساھەسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋاتقانلارمۇ يوق ئەمەس. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ قالايمىقان جۆيلۈشلىرى، ئىجادىيەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتسىز دورامچىلىقلىرى، كىتابخانلارنىڭ ئېڭىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە سەۋىيىسىگە قارىتا گۇمانىي قاراشلارنى پەيدا قىلماي قالمايدۇ. يېقىندا كېرىمجان ئابدۇرېھىم «نادىر ئەسەرلەرنى غايىۋىلەشتۈرمەسلىك، يەتكىلى بولمايدىغان مەنزىلگە ئايلاندۇرۇپ قويماسلىق لازىم» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتتى. دەرۋەقە شۇنداق. بىز ھە دېگەندە «يېقىندىكى موللام بار موللام، يىراقتىكى موللام دامولام» دېگەندەك ئۆزىمىزنىڭ ئەدەبىياتىغا كۆز يەتكۈسىز مەنزىلنى كۆرسىتىپ قويۇپ، ئۇنىڭ رېئاللىقىنى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە كۆز يۇمساق؛ ئەكسىچە ئۆزگىلەرنىڭكىنى قارا قويۇق كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۇلار ئاللىبۇرۇن چۆرۈۋەتكەن، ھازىر بولسا تارىختا ئايلىنىپ قالغان نەرسىلەرنى تېرىپ ئەكېلىپ، ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرۇۋالساق «ئات ئايلىخانىغا، يول سارىخانىغا» دېگەندەك خەلقىمىزنىڭ ساداسى، تەلىپى، ھۇزۇرلىنىش سەۋىيىسى بىلەن كارىمىز بولمىسا، ئەدەبىياتىمىز خەلقتىن، خەلق ئەدەبىياتتىن ئايرىلىپ قالسا، ئۇنداقتا ئەدەبىياتىمىزنى زور دەرىجىدە يۈكسەلدۈرۈشتىن ئىبارەت بۈيۈك مەقسەتنى قانداقمۇ رېئاللىققا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ؟!

يىغىنچاقلىغاندا، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھازىرقى سەۋىيىسى ھەققىدە سۆز ئاچقاندا، ئەڭ ئاۋۋال نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بەزىبىر ئاجىز ھالقىلارنىڭمۇ مەۋجۇتلۇقىدىن ئىبارەت رېئاللىنى پاكىتنى ئېتىراپ قىلىشىمىز، ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ جەھەتتىكى سەۋەبلىرى ئۈستىدە ئەستايىدىل پىكىر يۈرگۈزۈپ، تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ئاجىز ھالقىلارنى كۈچەيتىشنىڭ شەرت-شارائىتلىرى ئۈستىدە دادىل ئىزدىنىشىمىز، پىكىر يۈرگۈزۈشىمىز لازىم. تەرەققىيات يولىدىكى ئايرىم ئاجىزلىقلارغا ئېسىلىۋېلىپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھەر قايسى ساھەلەر بويىچە قولغا كەلتۈرگەن بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى بىراقلا ئىنكار قىلىش ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ ھەرگىز پۈتتەرەپ تۇرالمايدۇ!

مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق

# مەشھۇر ساتىرىك شائىر ئەھمەد شاھ قاراقاشى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەتلىرى

ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تۈر ۋە ژانىرلىرىنىڭ كۆپلىكى، شەكلىنىڭ رەڭگارەڭ، ئەكس ئەتتۈرگەن تېمادائىرىسىنىڭ كەڭ ۋە مەزمۇنىنىڭ موللىقى بىلەن پۈتكۈل شەرق خەلقلىرى ئەدەبىياتىدا شۆھرەتلىك ئورۇنغا ئىگە.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ بارلىق تۈر ۋە ژانىرلىرى رومانتىزم ۋە رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى بويىچە چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك بىلەن ساختىلىق، يامانلىق، خۇنۈكلۈك ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى ئىزچىل تۈردە گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن شۆھرەت قازىنىپ كەلدى.

كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ كۆپخىل ژانىر ۋە رەڭگارەڭ شەكىلگە ئىگە بولۇشى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە ياشاپ، ئۆزگىچە ئىستېدات، پاساھەت ۋە بالاغەتكە تويۇنغان خىلمۇ خىل ژانىردىكى ئەسەرلىرى بىلەن مەيدانغا چىقىپ پائالىيەت قىلغان ئىجتىھات ئىگىلىرىنىڭ سەمەرىلىك ئەمگىكى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا ئىجاد قىلىپ، ساتىرا ژانىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا تېگىشلىك ھەسسە قوشقان مەشھۇر ساتىرىك شائىر، ھۆرمەتلىك ئەدىب ئەھمەدشاھقاراقاشى ئەنە شۇنداقسەمەرىلىك ئەمگىكى بىلەن شۆھرەتلەنگەن نامايەندىلەرنىڭ بىرى.

جامائەتچىلىك «سالامنامە» ناملىق مەشھۇر ساتىرىك شېئىر ئارقىلىق بۇ مۆتىۋەرنىڭ نام - شەرىپىنى ئاڭلاپ، مۇئەللىپىنىڭ تالانت - ئىقتىدارىغا ئاپىرىن ئېيتىشىپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق «ئەھمەدشاھ قاراقاشى قاچان، قەيەردە ياشىغان؟ ئۇنىڭ ‹سالامنامە› دىنمۇ باشقا ئەسەرلىرى بارمۇ - يوق؟» دېگەندەك مەسىلىلەر ھەققىدە تېخى ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەس.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ۋىلايەتلىك مىللىي قەدىمكى ئەسەرلەرنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسى بۇ شائىرنىڭ ھاياتى ھەققىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىپ مەلۇم نەتىجىگە ئېرىشتى. بۇ يەردە شائىرنىڭ ھاياتى - پائالىيىتى ھەققىدىكى مۇشۇ ماتېرىياللارنى ئاساس قىلىپ، ئۆزۈم ئىگىلىگەن ئۇچۇر - مەلۇماتلاردىن شائىرنىڭ ئىجادىيەتلىرى ھەققىدە ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىمىزگە بىر قەدەر تەپسىلىيۋە ئېنىق مەلۇماتبەرمەكچىمەن.

شائىرنىڭ نەسەب - ۋارىسلىرىدىن ئىگىلەنگەن مەلۇماتلاردىن قارىغاندا ئەھمەدشاھ قاراقاشى تەخمىنەن 1740- يىلى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ قاپاقلا

يېزىسى ھويلا ئالدى (ھازىرقى ھالايلى) كەنتىدە مۇبارەكشا ئۇلۇغ ئىسىملىك بىر
مۆتىۋەرنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن ①. شائىرنىڭ ئاتىسى مۇدەررىس بو-
لۇپ، كۆپلىگەن تالىپلىرى بار ئىدى. تالىپلىرى بۇ مەدرىستە دىنىي ئىلىم ئۆ-
گەنگەندىن باشقا ئەرەب، پارس تىللىرى بويىچە ئىلىم تەھسىل قىلاتتى. ئەدە-
بىيات، تارىخ، ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە) ئۆگىنەتتى.

شائىر بالىلىق چاغلىرىنى ئاتىسىنىڭ ئەنە شۇنداق ئەۋزەل شارائىتىدا بې-
رىلىپ ئۆگىنىش، ئىجتىھات بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن ھەم
شۇ ۋاقىتلاردىن باشلاپ ئەدەبىياتقا كۆپرەك ئىخلاس قىلىشقا باشلىغان. ئون سەك-
كىز ياشقا كىرگەندە دادىسىنىڭ تاپشۇرۇقى ۋە ئۆزىنىڭ ئارزۇسى بويىچە قەشقەر-
دىكى داڭلىق «خانلىق مەدرىس» كە ئوقۇشقا كىرگەن. بۇ يەردىكى قايناق ئىلمىي
ھايات، بولغۇسى شائىرنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان كۈچلۈك ھەۋەس-ئارزۇسىغا قانات
بېغىشلاپ، ئۇنى ئىلىم - مەرىپەتنىڭ كەڭرى ئالىمىگە — تەپەككۇرنىڭ پاساھەت
ۋە بالاغەت مۇھىتىغا باشلاپ كىرگەن. شائىر بۇ خىل مۇھىتتىن ئىلھاملىنىپ،
ئىجتىھات بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلىش ئارقىلىق كېيىنكى ئەدەبىي پائالىيىتىگە
مۇستەھكەم ئاساس سالغان.

1764- يىلى 24 يېشىدا «خانلىق مەدرىس» تىكى ئوقۇشنى تاماملىغان شا-
ئىر ئانا يۇرتى قاراقاشقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شۇ چاغدىكى يۇرت مۆتى-
ۋەللىسى ② ئىنايىتۇللا مۇپتىنىڭ ئارزۇسى بويىچە قاراقاشتىكى داڭلىق گۈزەر
مەسچىتكە ئىماملىققا تەيىنلەنگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ شەرىئەت ئىشلىرىغا قا-
تنىشىشتىن باشقا چاغلىرىدا ئاساسەن تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغاچ، كىتاب
ئوقۇش ۋە باش چۆكۈرۈپ يېزىقچىلىق قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغان.

شائىرنىڭ نەسەب - ئەۋلادلىرىنىڭ ئېيتىشى ۋە جايلاردىن مەلۇم بولۇۋات-
قان قولىيازما ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، شائىرنىڭ ئەسەرلىرى خېلى كۆپ
بولۇپ، ساتىرىك ئەسەرلىرى «سالامنامە» بىلەنلا چەكلەنمەستىن شائىر ئەسەر-
لىرىنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك ئىگىلەيدۇ. شائىر ھايات ۋاقتىدا تالىپلىرى تەرىپى-
دىن كۆچۈرۈپ توپلانغان بىر پارچە قولىيازما بولۇپ، ئۇنىڭغا شائىرنىڭ 30 پار-
چىدىن ئارتۇقراق غەزەل، مۇخەممەس، ھەجۋىيلىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇ قولىيازما
1968- يىلىغىچە ساقلاپ كېلىنگەن بولسىمۇ، شۇ چاغدىكى لەنىتى «ئىنقىلاب» بو-
رىنى تەرىپىدىن ئۇچۇرۇپ كېتىلگەن. «سالامنامە» ناملىق ھەجۋى مۇخەممىسى
ۋە باشقا ئەسەرلىرىدىن تەركىب تاپقان يەنە بىر تولۇقسىز دىۋانى ئاپتونوم را-
يونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش - رەتلەش ئىش-
خانىسىدا ساقلىنىۋاتقان «تەزكىرەئى زۇلفۇنۇن» ناملىق ئەسەر بىلەن قوشۇپ
توپلانغان بولۇپ، شۇ يەردە ساقلانماقتا ئىكەن ③. يەنە بىر قىسىم ئەسەرلىرى
مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يۈسۈپ مەھرەمى ئىسىملىك شائىر تەرىپىدىن توپلاپ
تۈزۈلگەن «باياز» غا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ھازىر قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت
يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدا ساقلىنىۋېتىپتۇ ④.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا كۆپلىگەن ئىخلاسمەنلەر شائىرنىڭ «پۇل»، «شاھ پولۇ»،
«مېۋىلەر جېدەلى»، «دوڭغاق»، «ھەزرەت» قاتارلىق داڭلىق ھەجۋىيلىرىنىڭ خەلق
سەنئەتكارلىرى تەرىپىدىن ئاھاڭغا سېلىنىپ، زامانلاردىن بېرى ئېيتىلىپ كېلى-
ۋاتقانلىقىنى قەيت قىلىشىدۇ. شائىرنىڭ «سالامنامە» ناملىق ھەجۋىسىنىڭ ھې-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



لىغىچە خەلقىمىز تەرىپىدىن مەشرەپ - ئولتۇرۇشلاردا ئېيتىلىپ كېلىشى بۇنىڭغا ئىسپات بولالايدۇ.

بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شائىرنىڭ ئەسەرلىرى ساپ ۋە چۈشىنىشلىك خەلق تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، كلاسسىك ئەدەبىيات تىمىزنىڭ XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى تىلى ئاممىباب، ئۇسلۇبى يېڭى ۋە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە نەمۇنىلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ساتىرا ژانىرىغا ئۆزىنىڭ شەكلى رەڭدار، مەزمۇنى يېڭى، تىلى ئىخچام، شۇنداقلا سان، سۈپەت جەھەتتىن بىر قەدەر يۇقىرى ساتىرىك ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئاساس تۇرغۇزغان بۇ مۇتەپەررىم ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ساقىسىز بولۇپ قېلىپ، 1828 - يىلى 88 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

شائىرنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقان يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن بىر قىسىم ئەسەرلىرى بىزنىڭ يوروقلۇققا چىقىرىشىمىزنى كۈتسە، تېخى مەلۇم بولمىغان يازمىلىرى بىزنىڭ بۇ ھەقتە يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىشىمىزنى كۈتمەكتە.

## «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇشىڭىزلارنى قارشى ئالىمىز

ھۆرمەتلىك كىتابخان!

«ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى ئاقسۇ ۋىلايىتىدە نەشىر قىلىنىپ، مەملىكەت بويىچە ئوچۇق تارقىتىلىدىغان پەسىللىك ئەدەبىي ژۇرنال.

«ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۆزىنىڭ رەڭدار سەھىپىلىرىدە خۇش پۇراق گۈللەرنى ئېچىلدۇرۇپ سىزگە ئېستېتىك زوق بېغىشلاپ كەلدى. مۇبادا سىز تەكلىماكان ۋادىسىنىڭ شىمالىدىكى بۇ قەدىمكى باغ - بوستانلىق ئاقسۇنىڭ تارىخى ۋە بۈگۈنكى ئەدەبىيات - سەنئەت ھەم مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىن خەۋەردار بولۇشنى خالىسىڭىز، جايلاردىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق ژۇرنىلىمىزنىڭ 1998 - يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولغايسىز. ژۇرنىلىمىز ھەر پەسىلنىڭ ئاخىرقى ئېيىنىڭ 20 - كۈنى نەشىردىن چىقىدۇ، پوچتا ئارقىلىق تارقىتىلىدۇ.

بىر سانىنىڭ باھاسى: 2.80 يۈەن، يىللىق باھاسى: 11.20 يۈەن. ژۇرنىلىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN65 — 1080/I

پوچتا ۋەكالەت نومۇرى، 47 — 58

**«ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى**

ئىزاھاتلار:

① شائىرنىڭ ھاياتىغا ئائىت ماتېرىيال ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشىر قىلىشنى يېتەكلەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى تۈزۈپ باستۇرغان «باياز» دېگەن كىتابچىدىن ئېلىندى.

② مۇتەۋەللى — دىنىي ئىشلارنى باشقۇرغۇچى، ئىش بېشى.

③ «قەدىمكى ئەسەرلەر تىزىملىكى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 - يىل نەشرى 13 - بەت.

④ «شىنجاڭ تەزكىرىسى» 1993 - يىلى 4 - سان، 46 - بەت.

مۇھەممەد سالىم

# ئالچوقا خىياللار

## سىلىقىنە ئەيىبلەش

سېنى بەك چوڭ كۆرگىنىمنى بىلمىدىڭ،
چىن دىلىمدىن سۆيگىنىمنى بىلمىدىڭ.
تاشمۇ باغرىڭ، بارمىدى يا بىر ئۆچۈڭ،
ئوتلىرىڭدا كۆيگىنىمنى بىلمىدىڭ.
چۆل- جەزىرە، باغۇ -بوستان...تاللىماي،
سۈگدىشىپلا يۈرگىنىمنى بىلمىدىڭ.
كۆزلىرىڭگە سەت كۆرۈندۈم، ئېھتىمال،
يۈرىكىڭگە ئۈنگىنىمنى بىلمىدىڭ.
كىم چىدايدۇ دەردكە ئىشقى بولمىسا،
مۈشكۈلۈڭگە كۆنگىنىمنى بىلمىدىڭ.

## مەنىلىك كۈلۈپ قويۇش

تاشلىغانىدا مۇرادىڭغا يەتتىڭمۇ؟
باشلىغانىدا مۇرادىڭغا يەتتىڭمۇ؟
مېنىڭدىنمۇ «ياخشىلار» نى تاپقانىدا،
قوشلىغانىدا مۇرادىڭغا يەتتىڭمۇ؟
كۈتكىنىڭدەك چىقماي ئۇمۇ، كۆزۈڭنى
ياشلىغانىدا مۇرادىڭغا يەتتىڭمۇ؟
پايدا بەرمەي پۇشايمىنىڭ، كۆكسۈڭگە،
مۇشتلىغانىدا مۇرادىڭغا يەتتىڭمۇ؟
مەغلۇبىيەت ئۆكۈنۈشى زېھنىڭنى،
ئۇچلىغانىدا مۇرادىڭغا يەتتىڭمۇ؟

## بىھۇدە گۇمانلىنىش

قىزىمىدىڭ، قورچاقمىدىڭ سەن، نۇزۇكۇم،
ياكى زەر مۇنچاقمىدىڭ سەن، نۇزۇكۇم.
ئەسلىسەملا يامىشار جىسمىمغا ئوت،
ئوتمىدىڭ، چاقماقمىدىڭ سەن، نۇزۇكۇم.
بولمىدى بىر دەم يېنىڭدا تۇرغىلى،
گۈلمىدىڭ، يانتاقمىدىڭ سەن، نۇزۇكۇم.
شۇندىمۇ شادلىققا ھەمراھ مەن يەنە،
كۈلكىلىك چاقچاقمىدىڭ سەن، نۇزۇكۇم.
يۈرگىنىمنى بىلمىدىڭ ئوت -سۇ بولۇپ،
ئەسلىدە شۇنداقمىدىڭ سەن، نۇزۇكۇم.

## زورلاپ ئازابلىنىش

بىۋاپا يار كەلدىغۇ، قانداق قىلاي؟
سۆيگۈ تارمار كەلدىغۇ، قانداق قىلاي؟
ياتمىدى كېيىك ئىشەنگەن تاغ ئارا،
ۋەدە ئىنكار كەلدىغۇ، قانداق قىلاي؟
يوق قېنىپ كۈلمەك ماڭا، سۆيمەك تۈگۈل،
قايغۇ تەكرار كەلدىغۇ، قانداق قىلاي؟
جاننى قويماققا بولۇشمۇ چىقمىدى،
بۇ جاھان تار كەلدىغۇ، قانداق قىلاي؟
باشتىغۇ كەتكەن ئۈزۈمدىن، شۇندىمۇ،
قىلغىنى ھار كەلدىغۇ، قانداق قىلاي؟

## پايدىسىز ئۆكۈنۈش

كېلەلمىدۇق بىر قارارغا ئىككىمىز،
يېتەلمىدۇق ھەم دىدارغا ئىككىمىز.
بۇلبۇلۇڭمەن، قىزىلگۈلۈم سەن ئىدىڭ،
ئۇلاشمىدۇق نەۋ باھارغا ئىككىمىز.
ئارمان گۈلى چېچەك ئاچماي سولاشتى،
كۆمۈلدۇققۇ قايغۇلارغا ئىككىمىز.
پۇرسەت كۈتۈپ تالاي پەيتنى ئۆتكۈزدۇق،
قاتىل بولدۇق ئارزۇلارغا ئىككىمىز.
كۆيۈشكەنمۇ، سۆيۈشكەنمۇ مۇشۇنداق،
ئۆلمەي تىرىك ئايرىلارغا ئىككىمىز؟

## كۆڭلىنى چۈشەندۈرۈش

سۆيگىنىڭ يالغانمۇ دەسلەپ، يالغۇزۇم،
قويغىنىڭمۇ ياكى بەزلەپ، يالغۇزۇم.

كەلمەيدىك، كۆڭلۈمگە يوق ئىشلار كېلىپ،
تۈنلىرىم ئۆتمەكتە ئەسنەپ، يالغۇزۇم.
ئېھتىمال، كۆڭلۈڭ مېنىڭدىن رەنجىدى،
يا رەقىب ئازدۇردى قەستلەپ، يالغۇزۇم.

سۇنمىدى ئەمما ئەقىدەم قىلچىمۇ،
بەختىيارمەن سېنى ئەسلەپ، يالغۇزۇم.
ئالدىراپ ئۈزمە ئۈمىدنى، ئىش ئۇزۇن،
يۇلتۇزۇم كەتمەيدۇ پەسلەپ، يالغۇزۇم.

ئىسمايىل سابىر

## قوشۇلىمىز ھامان بىر كۈنى

ئۇستا رەسسام سىزغان رەسىمسەن،
كۈلكە كەتمەس چېھرىڭدىن پەقەت.
داڭلىق شائىر يازغان شېئىرسەن،
سېنى سۆيۈپ ئوقۇيمەن ئەبەد.

مەنالىرىڭ بارار چوڭقۇرلاپ،
سېنى تەكرار ئوقۇغانسېرى.
ھېسلىرىمنى كېتەر ئۇغرىلاپ،
قەلبىڭدىكى سۆيگۈ سىرلىرى.

قەلبىڭدىكى سۆيگۈ سىرلىرى،
ئاستا - ئاستا بولماقتا ئايان.
قوشۇلغاندەك دەريا سۇلىرى،
قوشۇلىمىز بىر كۈنى ھامان.

تۇرسۇنجان ھەبىبۇللا

## ئايرىلىش

قارىچۇقتا ياتىدۇ يېگانە كارۋات،
تورۇستا ئۆمۈچۈك قىلار كۆز يېشى.
لەيلەيدۇ بوشلۇقتا غېرىب بىر كۈلبە،
پۇرايدۇ تەكچىمۇ شامنىڭ كۆيىكى.

تولغىنىپ ئىڭرايدۇ قەدىمى بىر كەش،
كارۋاتنىڭ ئاستىدا چاقىرىپ سېنى.
قارىما ئارقاڭغا، كەتكىنە تېزراق،
ماڭمىلا قېپ قالسۇن جۇدالىق دېغى.

خەير-خوش قەدىردان، جانجىگەر دوستۇم،
كۈلۈپلا خوش دېدىم چىدىماي ساڭا.
قېتىمدىن سويۇلار ئازابتا يۈرەك،
بىرەلمەس ھېچكىممۇ تەسەللى ماڭا.

مۇھەممەتجان ئەمەت

## رۇبائىيلار

ئىچەيلى، ئۇرمامسەن جامىڭنى جامغا،
ئىچمەيتتىم ئەي ساقى چۈشۈردۈڭ دامغا.
تولدۇرۇپ قۇيمامسەن ئاڭلاندى ئەزان،
قالمايلى «نامازسىز» دېگەن سەت نامغا.

× ×

كۆرمىسەم ياخشى كۈن ئۆزۈمگە مەيلى،
كېلىدۇ بار قىسمەت تەقدىردىن دەيلى.
ئۆلۈمدىن باشقىسى تەقدىردىن ئەمەس،
ھەممىسى ئىنساپسىز ئادەملەر پەيلى.

× ×

كۆزلىرىم سۆيگەنچە دىلبەر بولسەن،
نە لەيلى بوزلا شۇ ئەنبەر بولسەن.
باغرى تاش ئىكەنسەن چۈشەندىم ئەمدى،
قانات تساك لېۋىمنى خۇنپەر بولسەن.

# شائىر توخسۇن ھاجىم ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:** توخسۇن ھاجىم 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشاپ ئۆتكەن دىداكتىك شائىر ۋە تارىخچى.

توخسۇن ھاجىمنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن كۆچۈرۈلۈپ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن تارىخىي داستان — «سۇلتانى ئارىفىن» («بىلىملىك سۇلتان») دىكى: «تارىخىي بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئوتتۇز ئات يىلىدا، ماھى رەبىيئەل ئاينىڭ ئون بېشىدا، ھاجى توخسۇن ئەللىك ئۈچ يېشىمدا، بۇ كىتابنى ۋەخپى ئەۋلاد قىلدىم. تارىخىي بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئاتمىش خوك يىلىدا، ماھى سەفەرنىڭ يەنە ئىككىسىدە، ھاجى توخسۇن سانى سەكسەن ئۈچ يېشىمدا، بۇ كىتابنى يەنە تەۋلىيە جەدىد قىلدىم» دېگەن بايانلارغا ۋە ھايات بار پەرزەنتلىرى تەمىنلىگەن قىممەتلىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇ ھىجرىيىنىڭ 1276 - يىلى (مىلادى 1859 - يىلى) چىرا ناھىيىسىنىڭ دامىكۇ يېزىسىدىكى چوقۇباش كەنتىدە يوقسۇل ئائىلىدە تۇغۇلغان. توختىباي سوپى، ئانىسى روزى ئاغىچىنىڭ تەربىيىسى ئاستىدا دەسلەپكى ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن، ئۆز يۇرتىدىكى ۋە چىرا بازىرىدىكى مەدرىسلەرگە كىرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. مەدرىستە زور ئىجتىھات بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن. ناۋايى، ھۇۋەيدا، سوفى ئاللايار، خوجا ھافىز، شەيخ سەئدى، ئەھمەد يەسەۋى قاتارلىق شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان. دىن، تارىخ، خەتتاتلىق، ئەخلاقشۇناسلىق پەنلىرى بويىچە يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولغان. ئاتىسىدىن غېرىچەك چېلىشنى ئۆگىنىپ، بۇ جەھەتتىمۇ بەلگىلىك ماھارەت يېتىلدۈرگەن. كېيىنكى ئۆمرىنى ئۆز يۇرتىدا مۇدەررىسلىك قىلىش ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئۆتكۈزگەن.

توخسۇن ھاجىمنىڭ خېلى ئۇزۇندىن بۇيان ھەجگە بېرىش ئارزۇسى بولسىمۇ، ئەپسۇسكى ئائىلىسىدىكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن بۇ ئىشقا قۇربى يەتمىگەن. يەتمىش ياشقا كىرگەندە (ھىجرىيىنىڭ 1346 - يىلى، مىلادىنىڭ 1928 - يىلى) ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىپ ھەج سەپىرىگە ئاتلانغان ۋە سەپەر جەريانىدا «ھەجنامە» («سەپەر خاتىرىلىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ناملىق داستانىنى يېزىپ چىققان. 206 بەت، 1102 كۇپلېت، 4408 مىسرادىن تەركىب تاپقان بۇ چوڭ ھەجىملىك داستانىدا شائىرنىڭ تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرى، ھەج سەپىرىدە كۆرگەن - بىلگەنلىرى تېما قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي، دىنىي، ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى كۆز قاراشلىرى ئۆزگىچە خاس بەدىئىي يول بىلەن ئوبرازلىق، جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يىپەك يولىدىكى

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشى، ئۆرپ - ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى، مەدەنىيىتى، ئېتنوگرافىيىسى ھەققىدە قىممەتلىك مەلۇماتلار بېرىلگەن. شائىر داستانىدا:

«ھەقتائالا ئاتا قىلدى بىستى پەرزەنە،
ئۇن بىر بالام ئوغۇل ئەردى، توققۇزى زەنە.
ئۇن ئىككىسى ھايات ئېرۇر، ھەشتە فەرتەنت،
رازى بولۇپ قۇدرەتكە قاندىم مانا،
يەك - يېگانە تۇغۇلمىشمەن، يوقتۇر يولداش،
پەرزەنەلىرىم پەرزەنە بولدى، ھەم قېرىنداش.
خىزمىتىمدە نۇقسان قىلماي بولدى پەرراش،
ئىنسابىغە دائىم دۇئا قىلدىم مانا».

دەپ يېزىپ، ئۆزىنىڭ يالغۇز ئوغۇل ئىكەنلىكىنى، ھېچقانداق بىر تۇغقان - قېرىنداشنىڭ يوقلۇقىنى، يىگىرمە پەرزەنت كۆرگەنلىكىنى، ئۇن بىر پەرزەنتىنىڭ ئوغۇل، توققۇز پەرزەنتىنىڭ قىز ئىكەنلىكىنى، ئۇن ئىككى پەرزەنتىنىڭ ئۆزى بىلەن بىرگە ھايات كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ دادىسىنى ئائىلە ئىشلىرىدا خاتىرجەم، رازى قىلىپ، يېزىشقا ئوبدان شارائىت يارىتىپ بەرگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىدىن ھازىر ھايات بارى ئىككى نەپەر.

شائىر «ھەجنامە» دىن باشقا يەنە «ۋەسىيەتنامە» ناملىق دىداكتىك ئەسىرىنى، كۆپلىگەن غەزەل، مەسنەۋى، مۇرەببە، رۇبائىيلارنى، ئىسلام تارىخىغا ئائىت قىسسەلەرنى يېزىپ دىۋان قىلىپ قالدۇرغان. بىر قىسىم شېئىرلىرىنى ئۆزى ياساپ ساتقان يەلپۈگۈچلەرگە خۇشخەت قىلىپ يېزىپ چىققان. ھازىر ساقلىنىۋاتقان بىر يەلپۈگۈچتە:

«ئەرزى ھالىمغە يېتەركى ھېچ كىمەرسە مەندە يوق»،
ئىشقى دەردىمنى ئۇلەشكەن يارۇ ھەمدەم مەندە يوق».

دېگەن ئىككى مىسرا شېئىر بار. بۇ شېئىردىن بىز شائىر ھاياتىنىڭ نەقەدەر غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەنلىكىنى ئېنىق بىلىۋالالايمىز.

شائىر يۇقىرىقىلاردىن باشقا «قۇرئان كەرىم»، «مۇھەببەتۇل مۇسلىمىن»، «كاسىپلار رىسالىسى»، «سۈلتانى ئارىفىن»، «مىرغىياسىددىن» قاتارلىق كىتابلارنى پاتلىق خوتەن قەغىزىگە چىرايلىق قىلىپ كۆچۈرۈپ چىققان. ئۇ يېزىپ قالدۇرغان ۋە كۆچۈرۈپ چىققان ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى خىلمۇ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىر قىسمىلىرى ئۇنىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلى ئابدۇقادىر توخسۇن (ناھىيىلىك كۆنتۇپخانىنىڭ پېنسىيىگە چىققان كادىرى، بۇ يىل 60 ياش) دا ساقلىنىۋاتىدۇ.

شائىرنىڭ ساقلىنىپ قالغان ئەسەرلىرىدە ئاساسلىقى شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئۆلمەس تېمىلىرى بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىكنى، مەرىپەتپەرۋەرلىكنى، خەلقپەرۋەرلىكنى كۈيلەش؛ راستچىللىقنى، توغرىلىقنى، كەمتەرلىكنى، باراۋەرلىكنى، ئادالەتنى، ھەققانىيەتنى، دوستلۇقنى، پاك مۇھەببەتنى، ۋاپادارلىقنى،

ئەدەب - ئەخلاقنى ئۇلۇغلاش؛ بىلىمسىزلىكنى، يالغانچىلىقنى، شۆھرەتپەرەسلىكنى، پوچىلىقنى، ساختىپەزلىكنى، ھەسەتخورلۇقنى، ۋىجدانسىزلىقنى، ئىككى يۈزلىمىلىكنى، ئەخلاقسىزلىقنى، ئىناقسىزلىقنى قامچىلاشتەك ئىلغار ئىدىيىلەر روشەن ھالدا چاقناپ تۇرىدۇ. گەرچە بۇ ئەسەرلىرىدە يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئاكتىۋال ئىدىيىلەرنى ئالغا سۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن دەۋر چەكلىمىسى ۋە ئىدىيىۋى چەكلىمىلەر تۈپەيلىدىن بەزىبىر پاسسىپ كۆز قاراشلارنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ، شائىر ئىجادىيىتىدىكى قىسمەنلىك بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتكۈل ئەسەرلىرىنىڭ قىممىتىگە تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ.

شائىر توخسۇن ھاجىم ھىجرىيىنىڭ 1361 - يىلى (تۇي يىلى) ماھى سەفەرنىڭ ئالتىنچى كۈنى (مىلادى 1942 - يىلى 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى دۈشەنبە) 84 يېشىدا كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە ئۆز يۇرتىدىكى لەنگەر زاراتگاھلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

تۆۋەندە مەن شائىرنىڭ «ھەجنامە» داستانىدىن ئۈزۈپ ئېلىنغان بىر قانچە كۇپلېت شېئىرىنى ئەزىز كىتابخانلارنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنىمەن. شېئىرنى نەشرگە تەييارلاشتا يېقىندىن ياردەمدە بولغان ئابدۇقادىر توخسۇن ئاكىغا كۆپتىن - كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.

## «ھەجنامە» دىن پارچىلار

...........................

سۈرەت ئالماي، خەتمۇ ئالماي ماڭىپ
ئەردۇك،
سۆگەتقورۇل① دا ئۈچ سەردىن فۇلنى
بەردۇك،
فەنامىخ② دا فۇل بەرمەيىن جەۋاب بەر-
دۇك،
ئۇشبۇ سۈرەت تىبەتتىن غىچە كېلدىم مانا.
تىبەت ئىچرە ئىككى يەردە سوئال سوردى:
«فۇلۇڭ قانچە؟ ياشىڭ نى؟» دېب سوئال
سوردى،
«ئاتاڭ كىم؟» دېب ھەممە سوراب خەت-
لەب ئالدى،
سورغانلەرغە بىر-بىر جەۋاب بەردىم مانا.
تىبەتتىن چىقىب كىرىكىل③ غىچە سەك-
كىز فىرۇر،
ھەر فىرۇرنىڭ ئەرالىقى بىر كۈن بولۇر،
ئول فىرۇرلەر مىسىل لەنگەر ئۆيلەر بولۇر،
سەككىز كۈندە كىرىكىل بەزار كېلدىم مانا.

كىرىكىل ئارا ئول بەزاردا بىر كۈن تۇردۇق،
ئېگىن - ئاياغ ئۇشۇقىنى ئەنداسا تىتۇق،
لازىما تىلىغ نەرسە ئالىب سودا قىلدۇق،
تەڭلە ئەنداكە شىمىر④ ساري ماڭدىم مانا.
ئۇشول يەردىن كەشمىرغىچە يەتتە كۈن بار،
ھەر كۈنلۈكى بىر فىرۇردىن ئەيلە رەھم بار،
ھەر فىرۇردا «تەكيادار»⑤ دېب ئەمەلدار،
بار،
يەتتە كۈندە كەشمىر ئىچرە ئۇشتۇم مانا.
كەشمىر دېگەن نەھايىتى كاتتا يۇرتدۇر،
بىر تەرەفدىن ھاجىخانەغە تۆرت كۈن-
لۈكدۇر،
يۇرت ئىچىندە كەشمىر، ھىندى، فەرەڭ
باردۇر،
ئادەملەرىن كۆرۈب ھەيران قالدىم مانا.
كەشمىرلىكنىڭ يەڭ - يەقاسىز بىر ئەتلىكى
لى بار،
بىرقولىندا ئەڭلىن يۆرگەب مەھكەم تۇتار،

بىر قولىدا سىبەت ئىچرە بىر كوزا بار،
تامبال كەيمەي چوڭ ئىلىغلىغ، كۆردۈم مانا.

ئول كوزىنى قۇت ئەراسىغە تۇتۇپ ماڭار،
ئولتۇرسەلار چاتتا قويۇپ زوڭ ئولتۇرار،
ھەر بىرىنىڭ باشلارىدا كاتتە دەستار⑥،
كەشمىر، ھىندى پەرق ئېتەلمەي قالدىم مانا.

كەشمىر ئىچرە يەتتە شەھەر بار ئېكەندۇر،
ھەر شەھەردە كەشمىر، ھىندى، فەرەڭ باردۇر
بىر شەھەرنى، بىر كۆمۈشنى سوراب يەيدۇر،
بەزى كۆرۈب، بەزى ئىشتىب، ئەيدىم مانا.

كەشمىر ئىچرە يەتتە قەدىر شۆھرەت بىرۇر،
ھەر قەدىردە بىر ئەۋلىياھ جايى بولۇر،
بىر قەدىردە فىردەستىكىر⑦ جايى بولۇر،
ئول قەدىردە خەمسى-ئەشىر⑧ كۆن تۇردۇم مانا.

ئول قەدىردە فىردەستىكىر نەبرەلەرى،
ۋەفات تافىب ھازىر باردۇر قەبرەلەرى؛
ئەترافىدا باردۇر فولات-فەنجىرلارى،
زىيارەت قىلىب ھەر كۆن دۇئا قىلدىم مانا.

ئوتراسىدا ئەجەب ئۇلۇغ دەرياسى بار،
دەريا ئىچرە كۆب بىئەدەد⑨ كېمەسى بار،
بەزەلارى كېمە ئىچرە بولۇر تۇججار⑩،
مال-كەلاسى كېمە ئىچرە كۆردۈم مانا.

دەريا ئىچرە كۆرۈك، ئىككى دەرۋازە بار،
كېمە كېلسە بىرىنى ئاچار، بىرىدىن يافار،
يافسە توختار، ئاچسا كېمە ھەممە ئاقار،
بۇ سىرلارنى كۆرۈب ھەيران بولدۇم مانا.

كۆرۈك يەنا ئازمادىكى ھۇنەرلارىن،
مۇرىبەت بىلەن تاقاغ، قوزۇق، تۆمۈر بارىن،
يەرگە تۆمۈر قەداب سۇ چىقارغان مىل⑪لارىن،
ئۇشبۇ يەڭلىغ سىرى-ئەسرار كۆردۈم مانا.

ئون بەش كۈنلۈك كۈمۈش⑫ ئىنگە بولدۇق ئۇتۇر،
باش⑬ فۇت⑭ بەردى ئۆي ئالدىغا كېلدى موتۇر⑮،
بىر ئادەمگە كىرا بەردۇك سەككىز رۇفىي⑯،
موتۇر كىرىب فىنىدە⑰ سىرى ماڭدىم مانا.

ئوشۇل كۈنى بارى مەللا بارىب قوندۇق،
تەڭلە ماڭىب فىنىدە شەھىرى بارىب تۈشتۈك،
ئول شەھەردە ئارام ئالىب بىر كۈن تۇردۇق،
ئول شەھەرنىڭ سىرى ئەسرىن كۆردۈم مانا.

ھاجى ئىبراھىم ئەنبەرسەر⑱گە سەفەر قىلدى،
ئون بىر رۇفىيە⑲ بېرىب فايىز⑳ كىرا قىلدى،
شۇل كېچەسى ئول شەھەردىن ئۆزۈلۈپ㉑ چىقتى،
فەقىر ئاندە ھەمراھ بىلەن قالدىم مانا.

ئىككى كۈندىن كېيىن بىز ھەم فايىز كىراھ قىلدۇق،
ئون بىر رۇفىيە، يەتتە ئانە㉒گە جىتتە㉓ ئالدۇق،
ۋەقتى خۇفتەن فايىز كىرىب، سەفەر قىلدۇق،
كەلاچى㉔ غە نىيەت قىلىب ماڭدىم مانا.

موتۇر يولى بىر كۈنلۈكى-ئون بەش كۈنلۈك
فايىز يولى كېچە-كۈندۈز — ئوتتۇز كۈنلۈك
مەلاللىق يوق، ھەلاۋەتى تۈرلۈك-تۈرلۈك،
ئۇشبۇ يەڭلىغ سەنئەتلەرنى كۆردۈم مانا.

بىر كېچەدە، بىر كۈندۈزدە لاھور㉕ باردۇق،
فايىز كەتتى، بىزلەر ئاندە بىر كۈن تۇردۇق،
ھاجى ئىبراھىم كېلدى، ئاندە ھال سوروشتۇق،
ئەسىبشەب㉖دە فايىز كېلدى، ماڭدىم مانا

تۈش ۋەقتىدە تۈشتۈك ئول كۈن كەلاچىغە،
تانكا كىراھ قىلىب باردۇق ھاجىخانەگە،
نەمامىزنى يازىب ئالدى دەفتەرىغە؛
ئەجەب تۈرلۈك ئەسرارلەرنى كۆردۈم مانا.

كەلاچىدا ئەللىك بەش كۈن تۇرۇپ قالدۇق،
ئەجايىبات - غەرايىباتلارنى كۆردۇك،
ھەر قايسىمىز قەدىر ئەھۋالسودا قىلدۇق،
شەھەر ئىچىندە تۈرلۈك نېمەت كۆردۇم مانا
كېرىيە، ئاچىمە㉗، دامۇكۇ، گۇلاخما،
چىرا، خوتەن،
ئاقسۇ، كۇچا، سانجۇ، موجى، كۇما،
يەركەند،
كاشغەر قوشۇلۇپ ئالتە شەھەر ئاتار ئىكەن
بۇ شەھەرلەر ئادەملەرىن كۆردۇم مانا.
ئول ئادەملەر چىقغۇسىدۇر مىڭدىن ئاشىپ،
ئېنى كۆرۈپ، مۇنى كۆرۈپ، ئەقلىم شاشىپ،
دەريا لېبى ئۆزۈم ئاجىز، ساۋۇق㉘ ئاشىپ،
ئون ئىككى كۈن كېسەل بولۇپ ياتتىم مانا.
مۇنچە ئادەم جەمئى بولسە كۆپ جەمائەت،
نەماز ئوقۇپ زىكىر ئېيتىشىپ قىلدۇق
تائەت،
بەزەلەرى سەھەرلەردە كۆپ ئىبادەت،
مەن ھەم يىغلاپ زارى گىريان㉙ قىلدىم مانا
ئالتە شەھەرلىك ئىچىدە بار يەتتە ئۆلەم،
ئالتە مىراب، بەش دوغا بەگ، ئالتە بەگ
ھەم،
ئۆلۈمادىن ئەللىك-ئاتمىش ئالىم بار ھەم
مىسكىنلەرنى ھەم ئەدەدسىز كۆردۇم مانا.
بىر كۈنىكىم فەرقۇت㉚ كېلگەن خەبەر كېلدى
ھاجىلۇرغە ھۆكۈم بىلەن سىچەك㉛ سالدى.
ئاتمىش-يەتمىش رۇفىيەدىن جىتتە بەردى،
جىتتە ئالىپ يىگىرمە كۈن تۇردۇم مانا.
بىر كۈن باردۇق بىز ئەجايىبخانەلەرغە،
ئۈچما فەرقۇت㉜ كېلدى ئوشۇل جايلارىغە،
ھاۋا ئۆزرە ئېنىڭ غەۋغا-شەرفەسىغە،
دەرياسېرى كەتتى، ئېنى كۆردۇم مانا.
ئوشۇل ئۆتكەن كابىلى فادىشاھ ئىكەن،
ئاتى ئېنىڭ ئەمىر ئامان ئاللاخان ئىكەن،
ھەر يەكشەنبە تەماشاغە كېلۇر ئىكەن،
سالى㉝ ئېنىڭ يىگىرمە بەش ياش كۆر-
دۇم مانا.
سۇلتانىيا، نەمازىيا فەرقۇت كېلدى،
«تا بىمەلارى، ھازىر بول!» دەپ خەبەر
قىلدى،

نەمازىيا فەرقۇت ماڭدى، بىرى قالدى،
سۇلتانىيا تابىمە ئىدىم، قالدىم مانا.
سەككىز كۈندىن كېيىن يەنە خەبەر بەردى،
«تەييار بولغىل، ھاجىلەر!» دېب ھۆكۈم
قىلدى،
نەسىب شەبدە كۆپ ئەدەدسىز كادە㉞ كېلدى،
كادە مىنىپ دەرياسېرى ماڭدىم مانا.
چاشت ۋەقتىدە دەريا لېبىگە جەمئى قىلدى،
ھاجىلەرنى كىملىنتىر㉟گە ھەيدەپ ماڭدى،
كىملىنتىرگە سولاپ قاتار ئولتۇرغۇزدى،
ھۆكۈمەت ئىلىك خەلقلەرنى كۆردۇم مانا.
بىرى كېلۇر: «دوختۇر كېلدى، ھازىر بول!»
دېب،
دوختۇر كېلدى: «مەيدەڭنى ئاچ، كۆرەر-
مەن» دېب،
«كېسەلمۇسەن يا ساقمۇسەن؟ بىلەرمەن»
دېب،
مەيدەم تۇتتى، ئاندەك ۋەھشەت قىلدىم مانا
بىرى كېلۇر: «جىتتە ئاچىب ھازىر بول!؟»
دېب،
بىرى كېلۇر: «قولۇڭ ئاچىب ئولتۇرغىل!»
دېب.
بىرى كېلۇر: «نامىڭ يازىب ئالۇرمەن»
دېب،
ھەر تەرەفكە قەراب ھەيران بولدۇم مانا.
بىرى كېلىب نامە، ئىسمىم يازىب ئالدى،
بىرى كېلىب بولەكلىرىم تامغۇ سالدى،
جىتتىمنى ھەم ئوقۇب كۆرۈپ تامغۇ سالدى،
كىملىنتىردىن خەلاس بولۇپ چىقتىم مانا.
كىملىنتىردە تۇرۇپ ئەسىرى نەماز قىلدۇق،
دەريا لېبى تۈشكەن يەرگە يېتىپ باردۇق،
نەرسەلەرنى مەنچاناق㊱غە ئالىب سالدۇق
تامغۇم كۆردى، فەرقۇت ئىچرە كۆردۇم مانا.
ئىككىنچى ئۆيگە تۈشسەم باردۇر كۆپ خەلا-
يىق،
تافالمادىم جايى ماكان ئۆزگە لايىق،
ئۆيان قوغلار، بۇيان قوغلار ئول خالايىق،
ۋەقتى شامدا فەرقۇت ماڭدى، بىلدىم مانا.
ھاجى ئىبراھىم ئۈچىنچى ئۆيگە تۈشكەن
ئىكەن،
ئوشۇل ئۆيدە كەڭرۇ ماكان تۇتقان ئىكەن،

ئول مەكانغەبار ىبەند(37) هەم ئوتتۇر ئىككەن،
شا مال كىرىپ راهەت بىلەن ياتتىم ما نا .
ئىككى كۈندىن كېيىن هەۋا بۇزۇلۇپ يامـ
ـغۇر ياغدى،
نى سەبەبدۇر كېيىن ئەجەب كۆپ چايقالدى،
هاجىلەر هەم قەي قىلىشتى بىخۇد بولدى،
زار يىغلاشتى، مەن هەم زارى قىلدىم ما نا .
قافتال(38) لار هەم هەر تەرەپكە يـۈگۈرۈپ
قالدى،
«سۇچايقالىپ كېمەدىن ئاتلاپ ئـاشتى»
دېدى،

«كەلاچىغە دىلگراف(39) لەر قاقتى» دېدى،
«دۇئا تەلەب قىلسۇن» دېدى، ئىشىتتىم ما نا .
ئوشۇل سائەت هەممە يىغلاپ دۇئا قىلدى،
«لائىلاج!» دېپ هەممە هاجى كۆپ يىغلادى،
هەممىن زەمان يامغۇر توختاپ كېمە ماڭدى،
شادمان بولۇپ يۈز مىڭ شۈكرى قىلدىم ما نا .
توققۇز كۈندە قىمران(40) دېگەن يەرگە كېلدى
كېمە توختاپ ئوشۇل يەردە بىر كۈن تۇردى،
قېيىق سالىپ هاجىلەرنى هەم ئۆتكەزدى،
قېيىق بىلەن قىرا نىڭ ئۆتتۈم ما نا .
... ...

**مەرسىيە(41)**

كىمكى ئۆلمەستىن بۇرۇن بىلمەس بۇ جانىنىڭ قەدرىنى،
كىم ئۆلەر هالەتغە يەتسە شۇل بىلۇر جان قەدرىنى.
ئۆي تۇتۇپ، خاتۇن ئالىپ، پەرزەنتى يوقنىڭ جانى يوق،
جانى يوق تەن نى بولۇر؟ ئول كۆرمىگەن جان قەدرىنى.
نەيلەيىن ۋەسلىگە يەتسەم دەردكە تولدۇردۇڭ بالام،
شادىمان بولغان كۆڭۈلنى غەمگە تولدۇردۇڭ بالام.
قايسى بىر قىلغانلىرىڭنى ئۇنۇتاي جان ـ جىگىرىم،
جىق بالام بولغان بىلە، يوق ئەردى ئايىمخان بالام.
سەن مېنى كۆرگەن زەمان بۇلبۇل كەبى سايرار ئىدىڭ،
بۇلبۇلۇم، قىزىلگۈلۈم، كۆڭلۈم خۇشى جانىم بالام.
فىرا بۇشقا ئاتاڭنى داغى ـ هەسرەتتە قويۇپ،
داۋاسى يوق دەردكە ئەمدى مۇپتەلا قىلدىڭ بالام.
مۇنچە دەردنى تارتقۇچە يوللاردا ئۆلسەم كاشكى،
قېرىغاندا ئوشبۇ دەردنى تارتمىغاي ئەردىم بالام.
دەردكە توزماي ئوشبۇ سۆزنى سۆزلىدىم ئەينى خەتا،
شۈكرى لىللاه، قىرىق كۈن ئارزۇمغا قاندۇردۇڭ بالام.
... ... ... ...

**ئىزاهات:**

(1) سۆگەت قورۇل — جاي ئىسمى. (2) فەنامىخ — جاي ئىسمى. (3) كىركىل — جاي ئىسمى. (4) كەشىمىر — جاي ئىسمى. (5) تەكيادار — مېهمانخانا خوجايىنى. (6) دەستار — سەللە. (7) ئىردەستىكىر — پىر ـ ئۇستاز. (8) خەمسى ـ ئەشىر — بەش ـ ئالتە. (9) ېمئەدەد — هەددى ـ هېسابسىز، سان ـ ساناقسىز. (10) تۈججار — تىجارەتچى، سودىگەر. (11) مىل — لوم تۆمۈر. (12) كۈمۈش — جاي ئىسمى. (13) باش — باشچى. (14) فۇت — پۇل. (15) موتۇر — ماشىنا. (16) رۇفۇي — پۇل بىرلىكى. (17) فىندە — جاي ئىسمى. (18) ئەنبەرسەر — جاي ئىسمى. (19) رۇفىيە — پۇل بىرلىكى. (20) فايىز — پويىز. (21) ئۆزلۈپ — ئۆزۈلۈپ، ئايرىلىپ. (22) ئانە — پۇل بىرلىكى. (23) جىننەت — بېلەت. (24). (25) كەلاچى، لاهور — كاراچى، لاهور شەهەرلىرى. (26) ئەسىپ شەب — يېرىم كېچە. (27) ئاچمە — كېرىدىيە ئاهىيىسىنىڭ قارا قىر يېزىسى. (28) سالۇۋۇق — سوغۇق. (29) زارى گىريان — زار ـ زار يىغلاش. (30) فەرقۇت — پاراخوت. (31) سىچەك — پارا خوتقا چىقىش پەلەمپىيى. (32) ئۆچما فەرقۇت — ئايروپىلان. (33) سالى — سانى. (34) كادە — قېيىق. (35) كىلىمتىر — جاي ئىسمى. (36) مەنجانىق — قېيىقنىڭ لەرسە ـ كېرەك قويىدىغان جايى. (37) باردېبەند — دېرىزە. (38) قافتال — قېيىق خىزمەتچىسى. (39) دىلگراف — تېلېگراف. (40) قىمران — جاي ئىسمى. (41) شائىر بۇ مەرسىيەنى هەجدىن قايتىپ كېلىپ 40 كۈن ئۆتكەندە قازا قىلغان قىزى ئايىمخانغا ئاتاپ يازغان.

نەشىرگە تەييارلىغۇچى: **تۆمۈر قادىرى**

(«ئانار چېچەكلىرى» نىڭ 2 ـ سانىدىن ئېلىندى)

# ئۇيغۇر خەلق بېيىت - قوشاقلىرى

كاككۇكۇم كاككۇك ئېتەدۇر،
كۆك تېرەكنىڭ بېشىدا.
ئادىشىم شەرەت قىلادۇر،
ئوردىنىڭ كۆل باشىدا.

ئوردىدىن چىققان يىگىتىنىڭ،
تونى بار، ئىمچەسى يوق.
بېلىگە قىسقان گۈلىنىڭ،
بەرگى بار غۇنچەسى يوق.
بىزنى كۆيدۈرگەن يىگىتنىڭ،
دەردى بار ۋاپاسى يوق.

قوغۇننى تىلىپ قويۇپ،
ئۆزەڭ يېمەي تۇرامسەن؟
مۇڭداشقىلى مەن كەلدىم،
لام - جىم دېمەي تۇرامسەن؟
ئالىقانات بىۋاپا،
كۆيگىنىمنى بىلەمسەن؟

ئەجەب ئايدىڭ بولۇپتۇ،
يار بىلەن كۆرۈشكىدەك.
بەلگىسى قاپاق تېرەك،
قۇچاقلاپ سۆيۈشكىدەك.

قاپاق تېرەك ئالدىدا،
هويلاڭ بارمىدۇ يارىم؛
يېنىپ - يېنىپ قارايسەن،
مەيلىڭ بارمىدۇ يارىم.

ئوسما تېرىدىم كۆرسىلە،
خېنە قويدۇم كۆرسىلە.
بىر قويام ئوسما بېرەي،
بوينۇمنى قايرىپ سۆيسىلە.

بېشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ،
هەر تالاسى بەش خىل يىپ.

سەن ئالامسەن بۇ جاننى،
يۈرەكىنىڭ بېغىدا لىڭشىپ.

قىزىلگۈلدە يۈپۈراق بار،
شاخىدا يوپۇرماق بار.
ئاشنا تۇتساڭ تاللاپ تۇت،
قىيامەتتە سوراق بار.

ئۆستەڭ بويلاپ كەپ قاپلا،
راۋاب چالغاچ كەلمەپلا.
ئۇخلاپ قالغان شۇ يارنى،
بىللە ئالغاچ كەلمەپلا.

تاغقا چىقتىم داۋانسىز،
يارغا كۆيدۈم ئارمانسىز.
كۆيگىنىمنى بىلمەيسىز،
كۆڭلى قارا، نادان سىز.

هۆل قومۇشقا ئوت يېقىپ،
ئوتۇڭ كۆيمىدى دەمسەن؟
ئايدا يىلدا بىر كېلىپ،
كۆڭلۈم قانمىدى دەمسەن؟

هاۋانىيۇ هاۋانى،
قىزلار كەيسۇن تاۋانى.
بىز يۈرسەك ئاداۋەتتە،
كىم سورايدۇ دەۋانى؟

يارىم بەرگەن بەش ئالما،
بەشىلىسى قوينۇمدا.
ئۇخلاپ چۆچۈپ ئويغانسام،
يارىڭ قولى بوينۇمدا.

ئۆگزەمگە قوناق يايدىم،
ئويناپ كېلىپ چاچمىسلا.
قىلغان ۋەدىمىز ۋەدە،
بىزدىن ئۆزناق قاچمىسلا.

**خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن**

ئېشىك ئالدى ئېرىقىم،
يىلتىڭلايدۇ بېلىقىم.
قاياقلاردا يۈرەدۈر،
ئامرىقىم - چىرايلىقىم.

سەكرەپ چۈشتۈم خەندەككە،
بىر يىل بولدى بۇ دەردكە.
قانداق قىلسام داۋا بار،
ئورناپ كەتكەن يۈرەككە.

باغ ئىچىدە باغلار بار،
ئالما بىلەن ئانار بار.
كەل دېسەڭمۇ بارمايمەن،
كۆڭلۈم قالغان يەرلەر بار.

ئاخشىمى بۇ چاغىدا،
ئوت بار ئىدى ئوچاغىدا.
ئۆلسەم ئارمىنىم يوقتۇر،
سەن يارىنىڭ قۇچاقىدا.

باغىم بار دېگەن بولساڭ،
يېڭى باغنى سالماستىم.
يارىم بار دېگەن بولساڭ،
سېنى تەڭلىك قىلماستىم.

ئاق ئايدىڭدا كەلسۇن دەپ،
سالام يوللىغان يارىم.
مەن كەلسەم ئۆزى كەلمەي،
مېنى گوللىغان يارىم.

بىۋاپا كەتكەن بىلەن،
ئوتى پىراقى كەتمىدى.
بۇ مېنىڭ يىغلاغىنىم،
ھەرگىز خۇداغا يەتمىدى.

ئەپكېلىڭ كەتمەنلىنى،
تىندۇراي ئازگاللىنى.
ئەمدى دوستۇم دېمەسمەن،
ئەقلىدىن ئازغانلىنى.

ئالما تۈۋىدە تۇرغاندەك،
بېھى تۈۋىدە تۇرماسمەن.
سەن يارىمغا كۆيگەندەك،
ھېچ كىشىگە كۆيمەسمەن.

ئۆستەڭنىڭ ئۇ قاشىدا،
تاختا كۆۋرۈك باشىدا.
ئۇسسىسى دەمدەك ئىكەن،
يارىنىڭ قارا قاشىدا.

يارىم كەلدى قاشىمغە،
بەخت قوندى باشىمغە.
يامان كۆزلەر تەگمىسۇن،
تۇمۇچۇقتەك ئاداشىمغە.

دەردى يوق دەمسەن مېنى،
دەردىم ئىچىمدە بەك تولا.
دەردى يوق جانۋارلىنى،
قونغان دەرەخلەردىن سورا.

پىرقىراپ چاقىم يانار،
ئۆتتۈم جاھاندىن زار بىلەن.
شادلىنىپ يۈرەرمەنمۇ،
مېھرىبان يارىم بىلەن.

يۈزۈڭ قىزىل ئالمىدەك،
كۆزلەرىڭ بۇلاق.
شۇنچە قىلغان سۆزلىرىمگە،
سالمىدىڭ قۇلاق.

دەريا سۈيى تارتىلدى،
يار ئالدىمىكى باشتىن.
دۈشمەنىنىڭ سۆزى بىلەن،
ئايرىلدۇق قەلەمقاشتىن.

يارىمنىڭ سۇمبۇل چېچى،
سايدا يىلاننىڭ قۇيرۇقى،
يىغلىماڭ جېنىم ئاداش،
بۇمۇ خۇدانىڭ بۇيرۇقى.

كېچىلەپ تام ياقىلاپ،
چۈجە خوراز بولدى كىشى.
ئەدىكى گەپنى قىلىپ،
ئەندىشىگە قالدى كىشى.

مەن سېنى كۆرمەيمەدىم،
چاسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا.
قايرىپقىنا سۆيمەيمەدىم،
مېھمانخانا ھۇجراسىدا.

قىز بالا دېگەن نەرسە،
تاۋار ئەتكىنى كىيسە.
خۇدايىم بەخت بەرسە،
سۆيگەن يارىغا تەگسە.

تاغ-دەريادا نېمە بار،
قاما بىلەن قۇندۇز بار.
كەچ بولسىمۇ كەل يارىم،
ئاي بولمىسا يۇلتۇز بار.

تاغقا چىقماق ئىرادە،
يېنىپ چۈشمەك پىيادە.
ئەقدىر ئاللا شۇنداقكەن،
ئايرىلماققا ئىرادە.

دۇتتارىم سۇنۇپ كەتتى،
ئوتتۇرا بەلداغ جەينەكتىن.
بۇ كۆيۈك كىمدىن قالغان،
كاككۇك بىلەن زەينەپتىن.

ھاۋادىكى بىر قۇشمەن،
سېنىڭ دەردىڭدە بىھوشمەن.
مەيلىڭ بولسا كەل يارىم،
ئالتۇن بىلەن كۈمۈشمەن.

مانتا پىشتى قاسقاندا،
بىللە يەيلى داستىخاندا.
ئەجەبمۇ ئايرىلىپ كەتتۇق،
ئاشنىلىق يارىشقاندا.

قۇم تۈۋىگە ئالما كۆمدۇم،
ئالمارەڭ بولارمىز دەپ.
بۇ بېيىتنى ئۈزلىرىگە ئېيتتىم،
مېھرىبان بولارمىز دەپ.

مېھرىبان دۇر ئۈزلىرى،
شېرىن شېكەردۇر سۆزلىرى.
بىر كېلىپ ئىككى كېلىپ،
كۆڭلۈمنى ئالغان ئۈزلىرى.

چىنە-چىنە سۇ ئىچەرمەن،
پاھ يۈرىكىم كۆيدى دەپ.
بۇ بېيىتنى ئۈزلىرىگە ئېيتتىم،
ھەممىدىن چېچەنغۇ دەپ.

تام تۆپىسىدە ئولتۇرادۇر،
زىبا بويلۇق ئالتۇن يىگىت.
قاش بىلەن ئالما ئاتادۇر،
ئالمىسى داغلىق يىگىت.

ئالمىسى داغلىق يىگىتنىڭ،
ئۈزلىقى سۇلتانچە بار.
ئاي يۈزىگە نۇر قونۇپتۇ،
باغدىن ئۈزگەن گۈلچە بار.

بۇ چىلىم گۈللۈك چىلىم،
گۈل باغدىن ئۈزگەن چىلىم.
گاھى ئۆيدە، گاھى چۆلدە،
ناريزا بولغان چىلىم.

سېرىق سەبدە گۈلۈم،
سايىنىڭ بۇلاقى.
كۆرەي دېسەم سېنى،
يولنىڭ يىراقى.

يىراققا كەتتى دەپ،
بىزنى ئۇنۇتماڭ.
خۇدا سالغان بۇ ئوتنى،
ئەسلا سوۋۇتماڭ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: چىرا ناھىيە، دامىكۇ يېزا، پارچە كەنتىدىن، ئۆمەر ئاخۇن.
رەتلىگۈچى: چىنارخان ئۆمەر.

www.uyghurkitap.com



# خوتەن ۋىلايىتى بويىچە لوپ ناھىيىسىدە يېزا تېمىسىدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنى ئېچىلدى

« يېڭى قاشتېشى » ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئەستايىدىل تەييارلىق قىلىشى بىلەن 97 - يىللىق يېزا تېمىسىدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 13 - سېنتەبىردىن 15 - سېنتەبىرگىچە لوپ ناھىيىسىدە چاقىرىلدى. يىغىنغا خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى جۇرئەت مەمتىمىن، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لىيۇ لىنتىڭ، خەلق قۇرۇلتىيى خوتەن خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ياڭ گۇاڭياۋ، ۋىلايەتلىك تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇۋاقى توختى، مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت چاۋار، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى ئەخەت تۇردى، « بۇلاق » ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدۇن، لوپ ناھىيىسىنىڭ پارتىيە-ھۆكۈمەت مەسئۇللىرى ۋە ۋىلايىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن يازغۇچى، شائىر، ئەدەبىيات-سەنئەت تەتقىقاتچىلىرىدىن بولۇپ 120 گە يېقىن كىشى قاتناشتى.

يىغىندا ۋالىي جۇرئەت مەمتىمىن ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى. ياڭ گۇاڭياۋ ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر 5 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى ھۆججەتلىرى ئۆگىنىلدى.

ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇش، باھالاش ئارقىلىق 96 -، 97 - يىللىرى ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر ئىچىدىن 17 نەپەر ئاپتورنىڭ ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلىرى تاللىنىپ ئۈچ دەرىجە بويىچە مۇكاپاتلاندى.

يىغىن داۋامىدا ئاپتورلار لوپ ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتى، ھاڭگى يېزىلىق ئېچىش-تەرەققىيات رايونى، جىيا يېزىلىق ئەتلەسچىلىك كارخانىسى، چاھارباغ يېزىلىق ياشانغانلار ساناتورىيىسى، لوپ ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ قاتارلىق مۇھىم، ئۈلگىلىك ئورۇنلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

يىغىن داۋامىدا يەنە ئاپتورلار گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ئەسەر ئوقۇش، مۇھاكىمە قىلىش، ئۆز ئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىندى. 15 پارچە ھېكايە، ئەدەبىي خاتىرە ۋە 25 پارچە شېئىر مۇھاكىمىگە قويۇلدى.

## 96 -، 97 - يىللىق مۇكاپاتلانغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر

### 1 - دەرىجە

ئىككى شېئىر ............ مۇھەممەد چاۋار

« تىلسىمات دۇنياسى » دىن كەلگەن سادا ...... ( نەسر ) ............ سىدىق قاۋۇز

### 2 - دەرىجە

كۆزۈمدا تارتىلغان سۈرەتلەر ............ ( شېئىر ) ............ ئابدۇللا سۇلايمان

ئۆمۈر ساۋاقلىرى ............ ( شېئىر ) ............ ئابدۇقەيۇم سېيىت

سېغىنىمەن شاھسەن، سېغىنىمەن بىر قۇياش ............ ( شېئىر ) ............ ئابدۇخېلىل ئابدۇخەبىر

كۆما ئابىدىلىرى ............ ( شېئىر ) ............ مۇختار سۇپۇرگى

كۆلچى دەرياسى گۇۋاھ ............ ( نەسر ) ............ دىلنازىر ئابلىز

داۋغان ماجىراسى ............ ( ھېكايە ) ............ گۈلجامال تاشتۆمۈر

### 3 - دەرىجە

سۆيگۈ لىرىكىلىرى ............ ( شېئىر ) ............ مۇھەممەتتۇرزى ئابدۇقادىر

كۆما ھەققىدە غەزەللەر ............ ( شېئىر ) ............ ئابلىكىم ئابدۇلئەھەت

كۆلكۈن گۈل دەستە ............ ( شېئىر ) ............ ئابدۇرېھىم زۇنۇن

پۇرسەت دېپ ............ ( شېئىر ) ............ ئۆمەرجان ئىسمايىل

ئۆملۈك داخشىسى ............ ( شېئىر ) ............ مەھەممەت بارات تەشنائى

ئازغۇن ............ ( ھېكايە ) ............ ئابدۇرېھىم ئېلى

پەرۋانە ............ ( پوۋېست ) ............ تۇرسۇنتوختى ئەبەيدۇللا

يازغۇچىلار قانداق ئادەملەر؟ ............ ( ماقالە ) ............ مەتتۇرسۇن ئۇرمان

# لوپ ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسى ئارقىلىق خوتەن ۋىلايەتلىك ئەدەبىي ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنىغا:

ئىنتايىن ئەپسۇسلىنىش ھېسسىياتىم بىلەن يېزىلغان بۇ تەبرىك خېتىمنى قوبۇل قىلغايسىزلەر.

بۇ قېتىمقى كاتتا يىغىننىڭ لوپ ناھىيىسىدە ئېچىلىشى — ۋىلايىتىمىز بويىچە يۇقىرى سەۋىيىلىك خەلقپەرۋەر قەلەمكەشلەرنىڭ لوپ ناھىيىسىدە جەم بولالماي كەلگەن تارىخىغا خاتىمە بەردى. بۇ، لوپ ناھىيىمىزنىڭ ماددىي مەدەنىيەتنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەنىۋى مەدەنىيەتكىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. مەن 96 - يىلى كۈزىدە ئېچىلغان ئەدەبىي ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنىدا ھەممىڭىزلەرنى 97 - يىلى شىياڭگاڭنىڭ ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتىپ كەلگەن خۇشاللىق ئىچىدە لوپ ناھىيىمىزگە جەم بولۇشقا تەكلىپ قىلغانىدا، ئاشۇ ئىككىنچى يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ، ئۈرۈمچىگە كېتىدىغانلىقىمنى ھەرگىزمۇ ئويلاپ كۆرگەن ئەمەس. بۈگۈنكى كۈندە، مېنىڭ تەكلىپىم رېئاللىشىپ شۇنچە قىممەتلىك كەسىپداشلار لوپ دىيارىغا جەم بولغانىدا، بىۋاستە خىزمىتىڭىزلەردە بولالمىغانلىقىم مېنى ئەپسۇسقا قالدۇرسا، لوپ ناھىيىسىدىكى قالغان يولداشلارنىڭ ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، سىزلەرنى قىزغىن كۈتۈۋالىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىم ۋە كۈچلۈك ئۈمىد - ئارزۇيۇم ماڭا مەلۇم دەرىجىدە تەسەللىي بەخش ئېتىدۇ.

شۇڭا، مەن ۋەزىپە شەرتىم توشمىغان، لېكىن قەلب شەرتىم ئېشىپ تۇرغان ئەھۋالدا، ئەپسۇسلۇق، تەشۋىش ۋە يەنىلا ئۈمىدلىك كۆڭلۈم بىلەن بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئوڭۇشلۇق، قىزغىن، سەۋىيىلىك بىر يىغىن بولۇپ قېلىشىنى، لوپ ناھىيىمىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئىگىلىك ئىشلىرى ۋە مەدەنىيەت - سەنئەت، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇل سالىدىغان، كۈچ قوشىدىغان، تۈرتكە بولىدىغان يىغىن بولۇپ قېلىشىنى كۈتىمەن - كۆپ ئۈمىد قىلىمەن!

قەلەمكەشتىن بىۋاستە سانائەت مەھسۇلاتى ياكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى چىقمايدۇ، بىراق، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كۈچ تەسىرى ئاشۇ سانائەتنى، ئاشۇ يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئەڭ كۈچلۈك مەنىۋى مەھسۇلات ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، سىزلەردىن ئۈمىدىم:

ئەڭ ئالدى بىلەن، ئەمگەكچان لوپ خەلقى — ئەسىرىڭىزلارنىڭ باش سيۇژىتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ جاپالىق، ئۇزاق مۇددەتلىك، ئۈنۈملۈك ئەمگەكلىرى، تۇرمۇشتىكى ئېغىر - يېنىكى، غەم - غۇسسىسى، ئۈمىد - ئارزۇلىرى، بۈگۈنلىكى، ئەتە-

لىكى، ئىستىقبالى ئۈتكۈر قەلەملىرىڭىزلەر ئارقىلىق جاما ئەتچىلىكتە ئەينەن نامايان بولسۇن؛

ئۇنىڭدىن قالسا، مول تارىخىي يادىكارلىقلىرى ۋە ھۆنەر - سەنئەت ئالاھىدىلىكى بىلەن مەشھۇر بولغان لوپ دىيارىنىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنكى تەرەققىياتى، كېلەچەك ئىستىقبالى قەلەم كۈچىڭىزلار ئارقىلىق كىشىگە كۈچ ۋە ئىلھام بەخش ئېتىدىغان نادىر ئەسەرلىرىڭىزلەرنىڭ باش تېمىسى بولسۇن.

يەنە مۇشۇ دىياردا جاپالىق ئەجىر قىلىۋاتقان ھەر مىللەت باغۋەنلىرىنىڭ ئامرات زېمىنىغا جان بەرگۈچى بىر ئەۋلاد كىشىلەرنى تەربىيىلەش يولىدا كۆرسىتىۋاتقان تىرىشچانلىقلىرى، ئىزدىنىشلىرى ھەم نەتىجىلىرى چوڭقۇر مۇھەببەتىڭىزلار ئارقىلىق يازمىلىرىڭىزلاردىن تولۇق بەت ئالسۇن.

قىسقىسى، بۇ قېتىمقى قەلەمكەشلەرنىڭ كاتتا يىغىلىشى — لوپ ناھىيىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىگىلىك ئىشلىرى، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەھىيە ئىشلىرى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى قاتارلىق ھەممە سا-ھەلىرىنىڭ يېڭى بىر تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويۇشىغا ئەدەبىي ئىجادىيەت نۇقتىسىدىن كۈچلۈك تۈرتكە بولۇپ قالغۇسى؛

ئاخىردا ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ غايەت زور ئىجتىمائىي تەسىر كۈچىنى ئىلمىي ۋە تولۇق چۈشەنگەن، ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئەھمىيەت بەرگەن ۋىلايەت رەھبەرلىرىگە رەھمەت.

ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ سىرلىق تېگىگە يېتىپ، ئۇنىڭ جاپاسىنى يېڭىپ، مول مېۋىسىنى دۇنيانى يارانقۇچى ئەمگەكچى خەلققە بېرىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشۇپ كېلىۋاتقان، ئەڭ ئارزۇلاشقا تېگىشلىك مېھنەتكەش قەلەمكەشلىرىمىزگە ئەڭ ئالىي ئېھتىرام ۋە سېغىنىپ سالام!

شۇنىڭ بىلەن تەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر رەھبىرىمىز مۇدىر ھامىدىن نىيازنىڭ كېسەل ئەھۋالدا تۇرۇپ يەتكۈزۈشۈمنى تاپىلىغان ياللۇنلۇق سالىمىنى قوبۇل قىلغايسىزلەر!

ھۆرمەتلىك قەلەمكەشلىرىمىزنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، ئىجادىيىتىگە ئۇتۇق، ئائىلىسىگە بەخت تىلەيمەن.

ھۆرمەت بىلەن:

ئەرزىمەس غەيرەت ئىمىندىن

(ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى مالىيە - ئىقتىسات كومىتېتى

ئىشخانىسىنىڭ جۇرىنى)

1997- يىل 8- ئاينىڭ 18- كۈنى



ۋالىي جۇرئەت مەتتىمىن ئاپتورلار بىلەن سۆھبەتلەشمەكتە.



ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ياڭ گۇاڭياۋ ئاپتونوم رايونلۇق 5 - قېتىملىق ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى يەتكۈزمەكتە.



يىغىن مەيداندىن كۆرۈنىش.

www.uyghurkitap.com



يېڭىدىن نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر 12 مۇقام كىتابلىرى

(تۆۋەن تەرەپ سولدىن بىرىنچى كىتاب يېڭىدىن تېپىلغان «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامى)


# 新 玉 文 艺　　يېڭى قاشتېشى

## NEW JADE LITERATURE

| | |
|---|---|
| 一九九七年 (双 月 刊) | 1997 ـ يىل (قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال) |
| 编 辑:〈新 玉 文 艺〉编 辑 部 | تۈزگۈچى: «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى |
| 出 版：和 田 行 署 文 化 处 | نەشر قىلغۇچى: خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى |
| 喀 什 日 报 社 印 刷 厂 印 | «قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى |
| 发 行：和 田 地 区 邮 电 局 | خوتەن ۋىلايەتلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى تارقىتىدۇ |
| 订 阅：全 国 各 地 邮 电 局 | مەملىكەت بويىچە ھەر قايسى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ |
| 印 张:787×1092,1/16,6.125 张 | فورماتى : 1092×787مم، 1/16، 6.125 تاۋاق |
| 国 内 外 统 一 刊 号 : | مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: |
| ISSN1002—929X CN65—1088/1 | ISSN 1002 — 929 X CN 65 — 1088/1 |
| 代号:58—26 | پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 26 — 58 |

定价:1.20元，电话:2023792: باھاسى: 1.20 يۈەن، تېلېفون نومۇرى